XYOUTH

新疆青年

ئۇ، ئۆز يولىنى تاپتى

ماڭا رىقابەتچى كېرەك

ئاي هامان چىقىدۇ



كىتاب - ژۇرنال قانداق چىقىدۇ

خىزمەت، [illegible] قانچىلىك نېمىشقا

تارىخىمىزدا تىپابەتچىلىك

12
1998

# شىنجاڭ ياشلىرى

新华书店
958109812
RMB 2.35



# تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات

يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى سۇڭ ئەيرۇڭ پۈتۈن ئىتتىپاقنى چوڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەنۇبىي شىنجاڭ گۇرۇپپىسىدىكىلەرنى باشلاپ خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى 15 ناھىيە، 22 يېزا، 34 كەنتنىڭ ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلارنىڭ ئىدىيە- ئەخلاق ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش تەتقىقات ئېلىپ باردى. دۆلەت بايرىمى مەزگىلىدە ئۇ يەنە قونجىراپ جىگرا - مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتى ئامورنىسى، مەملىكەتلىك ياشلار مەدەنىيەتلىك ئورنى قونجىراپ داۋەنگە مەخسۇس بېرىپ ئۇ يەردىكى ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارنى يوقلىدى.

(ئىسمائىل ئىبراھىم فوتوسى، گۈلى خەۋىرى)









جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونلۇق كومىتېتىنىڭ نەشر ئەپكارى

# 1998



ياشلىق جىلۋىسى
ئا. ئەمەت سۈرىتى

باش مۇھەررىر
ئەبەيدۇللا ئىبراھىم
(ئالىي مۇھەررىر)
(تېلېفون: 2818446)
دىرېكتور: مامىك

## مۇھىم ئەسەرلەر مۇندەرىجىسى


| | | |
|---|---|---|
| ئۇ، ئۆز يولىنى تاپتى | | ئەنۋەر قۇتلۇق نەزەرى 1 |
| دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئىدىيە ئازادلىق ھەرىكىتى | | ئىسمائىل مۇھەممەت 5 |
| ماگا رىقابەتچى كېرەك (1) | | لوشى 9 |
| پۇل ۋە مەدەنىيەت | | ئابدۇغېنى ئابدۇغوپۇر ئارمان 11 |
| ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرايلى | | رىزۋانگۈل مۇھەممەت 13 |
| ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساپاسى | | ئايشەمگۈل ئايۇپ 15 |
| كىتاب - ژۇرنال قانداق چىقىدۇ؟ | | سۇلتان ھاشىم 17 |
| خىزمەت، سەن قانچىلىك نېمىتىڭ (داۋامى) | | ئەسقەر داۋۇت 21 |
| سېھىرلىك ياشلىق ۋە ياشلىق سېھرى | | مۇكەررەم مۇسا 27 |
| تارىخىمىزدا تېبابەتچىلىك | | ئابلىز مۇھەممەت سايرامى 33 |
| يود كەملىك كېسىلى ۋە يودلۇق تۇز ئىشلىتىش توغرىسىدا | | مۇھەممەت يۈسۈپ 14 |
| بۈگۈنكى «ئايالىدىن قورقىدىغان ئەر»لەر قارىشى توغرىسىدا | | ھاياتنۇپۇس مۇھەممەت 43 |
| چىنلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە | | ئەركىن داۋۇت ئوغۇز 49 |
| «ئوغۇل بالىچىلىق»مۇ، ياكى ... | | نامانجان تۇرسۇن شىجائەت 51 |
| ئۈمىد دالىسىدىن سادا | | ئە. داۋۇت 53 |
| ئاي ھامان چىقىدۇ | (ھېكايە) | مۇھەممەت تەشنائى 57 |
| بەخت رىسالىسى | (شېئىر) | جاسارەت جاپپار 60 |


سىياسىي، نەزەرىيىۋى، پەننىي، ئەدەبىي خاراكتېردىكى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا نەشر قىلىنىدۇ، ھەر ئاينىڭ 1- كۈنى نەشىردىن چىقىدۇ. مۇقاۋىسى ۋە ئىچكى بەتلىرى«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلىپ، شىنجاڭ ياشلىرى رېداكسىيىسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ.
(بۆلۈم مەسئۇلى: تۆركەش ئىبراھىم. ياردەمچىلەر: ئىسمائىل ئىبراھىم، ئەسقەر داۋۇت)

## دانالار ھېكمەتلىرىدىن

△ تەبىئىيىتىگە مۇۋاپىق كەلگۈدەك غەرەزسىز بىر ھەقىقىي دوست تېپىلسا، تەنھالىقتىن سۆھبەت ئەلا.

△ بىر نىيەتلىك سادىق دوستلارنىڭ ئىتتىپاقى ۋە ياردىمى بولسا پۈتۈن جاھاننى ئالغىلى بولىدۇ.

△ ھەر كىم ھاجىتىنى دوستلىرىدىن يوشۇرسا، ئۆز- ئۆزىگە خىيانەت قىلغان بولىدۇ.

△ نادان دوستتىن دانا دۈشمەن ياخشىراق.

△ دۇنيانى دوست تۇتماق جىمى بالانىڭ بېشىدۇر.

△ مۇھەببەت مەزھىپىدە ئۆزىنىڭ قۇتۇلۇشىدىن دوستىنىڭ قۇتۇلۇشىنى ئارتۇق بىلگەن كىشى ھەقىقىي دوست ھېسابلىنىدۇ.

△ ئەسلىدىن دۈشمەن بولغانلار بىلەن ئۈلپەت بولۇش قەھرىلىك يولۋاس ياكى زەھەرلىك ئىلانغا دوست بولغانلىقتۇر.

△ ھەر كىم دوستلۇق يولىدا جان پىدا قىلسا، ئۇ تەڭداشسىز ۋاپادار دوستتۇر.

△ كەمبەغەلگە بىر كىم دوست بولمايدۇ. جاھان خەلقىنىڭ دوستلۇقى نەپسى ئۈچۈن، غەرىزى دۇنيالىقنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈندۇر.

△ ئەقىللىق كىشى ھەر قانداق يەرگە بارسا ئۆز ئەقلى بىلەن دوست تاپىدۇ.

## دانالار ھېكمەتلىرىدىن

△ كىمكى دوستىغا كىرەكلىك نەرسىنى ئايىسا، ئۇ كىشى دوستلۇققا يارىمايدۇ.

△ دوست مىڭ بولسىمۇ ئۇ ئاز، دۈشمەن بىر بولسىمۇ ئۇ كۆپ.

△ يېقىن دوستلارنى ئەزىز تۇتۇش، مەككار دۈشمەندىن پەرھىز قىلىش كىشىنى تولۇق مۇرادىغا ۋە ئارزۇسىغا يەتكۈزىدۇ.

△ ھەر كىشىدە ئالتە خىسلەت بولسا ئۇنىڭ دوستلۇقىدا قۇسۇر يوق بولىدۇ. ئەگەر دوستىنىڭ ئەيىبىنى بىلسە ئۇنى كىشىگە ئىزھار قىلماسلىق. ئىككىنچىسى، دوستىنىڭ ھۈنىرىنى كۆرسە بىرىنى 10 قىلىپ ئېيتىش. ئۈچىنچىسى، ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغان بولسا مىننەت قىلماسلىق ۋە نەزەرىدە تۇتماسلىق، تۆتىنچى، ئۇنىڭدىن مەنپەئەت كۆرسە ئۇنى ئۇنتۇماسلىق. بەشىنچىسى، ئەگەر ئۇنىڭ تەدبىرىدىن ئۆزى تەرەپكە بىرەر خاتالىق يۈز بەرگەن بولسا، ئۇنى كۆڭلىگە ئالماسلىق ۋە ئەپۇ قىلىش. ئالتىنچىسى، ئەگەر ئۆزرە قويسا قوبۇل قىلىش، كىشى بۇ سۈپەتلەرگە ئىگە بولمىسا دوستلۇققا يارىمايدۇ.

△ مۇھەببەت يولىدا يېقىنلىق ۋە يىراقلىق دېگەن گەپ يوق، ئىككى دوستنىڭ ئارىسى مەشرىق ۋە مەغرۇپتەك بولسىمۇ بىر- بىرىنىڭ يادى بىلەن كۆڭلى تەسەللىي تاپالايدۇ. (09)

(«كەلىلە ۋە دىمنە»دىن توپلىغۇچى مەھلۇت)



# ئۇ، ئۆز يولىنى تاپتى

★ ئەنۋەر قۇتلۇق نەزەرى ★

يالىڭ باھارىنى ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ بولۇپمۇ تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ شامانىزم مەدەنىيىتى تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا بېغىشلىغان؛ بۇ ساھەدىكى ئىلمىي ئەمگەكلىرى، يېڭى - يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى مەشھۇر ئالىم، مۇتەخەسسىلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن؛ شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور ئاشتى دىلمۇرات ئۆمەر زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ پەخرى، شۇنداقلا ئەقىل يېتەكچىسىدۇر.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، بىزدە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر خېلى كۆپ. ئەپسۇسلىنارلىقى مەدەنىيەت تەتقىقاتىغا كىرىشكەنلەر، بۇ ساھەدە يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقانلار ناھايىتى ئاز! دىن، تارىخ، فولكلور، مىللەت تەتقىقاتى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بىر چوڭ بوشلۇق، بۆسۈپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدىغان ھالدا سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. دەل مۇشۇ نۇقتىغا كۆز تىككەن دىلمۇرات ئۆمەر شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىلى فاكولتېتىدا خىزمەت قىلىۋاتقان دەسلەپكى مەزگىللەردىلا ئازغىنە بىلىمگە تايىنىپ، بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى، ئەتراپلىق بىلىم ئىگىلەش، مۇستەقىل تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن يەنىمۇ ئۆرلەپ ئوقۇش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ، تەشكىلنىڭ ئەمەلىي قوللىشى، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاسپىرانتلار ئىنستىتۇتىغا ئىمتىھان بېرىپ ئوقۇشقا كىردى. 1985- يىلدىن 1988- يىلغىچە تۈركىي تىللار تەتقىقاتى كەسپىدە ئوقۇپ ماگىستىر بولدى. ئۇنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيىسى بولغان «ئۇيغۇر تىلىدىكى قومۇل شېۋىسى توغرىسىدا تەتقىقات» دېگەن زور ھەجىملىك ئىلمىي ماقالىسى مۇتەخەسسىلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. شۇ يىلى يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى ئۇنى دوكتور ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۆتكۈر پىكىرلىك بۇ ياش بۇ قېتىمقى ئىمتىھاندىنمۇ ئالدىنقى قېتىمقىغا ئوخشاش يۇقىرى نەتىجە بىلەن ئۆتتى. يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى ياڭ كۇن ئەپەندى ئۇنى مىللەتشۇناسلىق بويىچە ئالاھىدە تەربىيىلىدى. دوكتور ئاسپىرانتلار ئوقۇشقا تېگىشلىك بارلىق دەرسلەرنى تاماملاپ، 1991- يىلى 7- ئايدا قانۇنشۇناسلىق بويىچە دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى ئالدى.

— مەن ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغلىرىمدا ماتېماتىكا بىلەن فىزىكىغا بەك قىزىقاتتىم. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئېلىنىشقا 2 ئاي قالغان چاغدا مەندە ئىجتىمائىي پەندە ئوقۇش ھەۋىسى قوزغالدى. ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايلا ئىجتىمائىي پەنگە ئىمتىھان بەردىم. ئائىلىمىزدە قىيىنچىلىق بولغاچقا، پات - پات قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدا ئىشلەيتتىم. ئويلىمىغان يەردىن مەلۇم قۇرۇلۇش ئورنىدا خىش توشۇپ يۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چاقىرىق قەغىزى كەلدى، — دېدى دىلمۇرات ئۆمەر سۆھبىتىمىزگە جان كىرگۈزۈپ، — بۇ مەكتەپتىكى ھەر مىللەتتىن بولغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكى كېيىنكى چاغلاردا تىل تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشىمغا بولۇپمۇ ئۇستازىم گېڭ شىمىن ئەپەندىنىڭ خالىس تەربىيىسى تۈرتكە بولدى دېسەم بولىدۇ، شۇغىنىسى ماگىستىر ئاسپىرانتلىق ئوقۇشۇمنى تاماملاپ بولغان مەزگىلىمدە، تىل تەتقىقاتىنىڭ بىر باشلىنىش ئىكەنلىكىنى، مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ ناھايىتى مۇرەككەپ ئارقا كۆرۈنۈشكە، ناھايىتى تىرەن مەنىۋى ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. «تاغنىڭ كەينىدە تاغ ئۇچراپتۇ» دېگەندەك يەنە ئۆزۈمنىڭ يولىنى ئۇزارتىشقا، تېخىمۇ يىراق قەدىمكى زامانلارغا ئۇلاشقا ئۇرۇندۇم...

شۈبھىسىزكى، بۇ ئىزدىنىش روھىغا باي، ئىجتىھاتلىق ياش ئالىمنىڭ ئۇرۇنۇشى بىكار كەتمىدى. ئۇ 1996 - يىلدىن ئېتىبارەن خەلقىمىزگە، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاجىك، موڭغۇل، سېرىق ئۇيغۇر قاتارلىق ئونلىغان مىللەتلەرنىڭ تىلىنى تەتقىق قىلىش، ئالتاي تىلى مەدەنىيەت چەمبىرىكى دائىرىسىدىكى تۈرك، موڭغۇل، تۇڭگۇس - مانجۇ تىللىرى گۇرۇپپىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيىتى، ئىپتىدائىي دىنىي قاراشلىرى، ئېتىقادى جەھەتلەردە خاس تېمىلار بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدە، «ئۇيغۇر تىلىدىكى قۇمۇل شېۋىسى توغرىسىدا»، «شامان دىنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادىنىڭ قالدۇقلىرى»، «شامانىزم تەتقىقاتى توغرىسىدا»، «تىلشۇناسلىق ھەققىدە»، «مىللەتلەرنىڭ زامانىۋىلىشىشى ۋە مىللىي مائارىپ توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە»، «قۇمۇل نوم يېزىسىدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى» قاتارلىق 20 پارچىغا يېقىن ئىلمىي ماقالىسىنى ۋە «ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ شامانىزم ئېتىقادى» ناملىق بىر قەدەر يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە، يىرىك نەزەرىيىۋى ئىلمىي كىتابىنى تەقدىم قىلدى.

ياش ئالىمنىڭ يۇقىرىقىدەك نەتىجىلىرى بولۇش بىلەن بىرگە، يەنە چەت ئەل ئالىملىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلىگەن تەتقىقات تۈرلىرىنىڭ يىلدىن - يىلغا كۆپىيىپ بېرىشى بىزنى تېخىمۇ سۆيۈندۈرىدۇ. 1991 - يىللىق دوكتور ئاسپىرانتلارنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىنى باھالاشتا، دىلمۇرات ئۆمەرنىڭ ماقالىسى ئەلا باھالانغان 3 پارچە ماقالىنىڭ بىرى بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ئىتالىيىنىڭ 3 ئالىمى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ 1 نەپەر ئالىمى بىلەن بىرلىكتە، «شىنجاڭدىكى شامان دىنى ئېتىقادى» دېگەن تەتقىقات تېمىسىنى ئىشلىدى. 1993 -، 1994 - يىللىرى ئەنگلىيە كامبرىج داشۆسىدىكى ئالىملار بىلەن ھەمكارلىشىپ، «ئىچكى ئاسىيانىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ۋە مەدەنىيەت» دېگەن تۈرنى تاماملىدى. 1994 - يىلى گېرمانىيىنىڭ بېرلىندىكى دۇنيا مەدەنىيەت سارىيى بىلەن ھانبورگ ئاسىياشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن خەلقئارا مەدەنىيەت ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ،

«شىنجاڭدىكى تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن شامانىزم ئېتىقادىنىڭ مۇناسىۋىتى» دېگەن تېمىدا 3 سائەت ئىلمىي دوكلات بەردى. 1995- يىلىدىن 1997- يىلىغىچە ياپونىيە كيوسو ئۇنىۋېرسىتېتى پروفېسسورلىرى بىلەن بىرلىشىپ، «مۇستەقىللىقتىن كېيىنكى قازاقىستاننىڭ مەدەنىيەت ۋە مائارىپى» دېگەن تېمىنى ئىشلەش ئۈچۈن 3 قېتىم قازاقىستان، قىرغىزىستانغا باردى. 1993- يىلى ياپونىيە كيوسو داشۆسىنىڭ بىر دوكتور ئاسپىرانتىغا يېتەكچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىلمىي ماقالىسىگە يېتەكچىلىك قىلدى. 1996- يىلى ياپونىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ۋە كيوسو داشۆسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ياپونىيىگە بېرىپ، 4 ئايغا يېقىن ياپونىيىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كەسىپداشلىرىغا ياردەملەشتى، يەنە بىر تەرەپتىن دوكتور ئاشتىلىق خىزمىتىنى ئىشلىدى. «جۇڭگو ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادى» ناملىق ماقالىسىنى «كيوسيۇ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى»دا ئېلان قىلىپ، جەمئىيەتتە زور غۇلغۇلا قوزغىدى...

1996- يىلى خەلقئارا شامان دىنى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى مىخايىل خوپ جۇڭگو سەپىرىدە ئۇيغۇرلاردىن چىققان تۇنجى ئەۋلاد شامانىزم تەتقىقاتچىسىنى يوقلاپ ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، دەل شۇ چاغدا دىلمۇرات شاڭخەيدە تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، ئىككىيلەن ئۇچرىشالمىدى. ئۇ ياپونىيە ئالىملىرى مارىياما، نىشخارا، بېيجىڭ مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى پروفېسسورى چېڭ يوڭلىن ۋە ئامېرىكا ئالىملىرى بىلەن بىرلىكتە، «شەرقىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى مەدەنىيىتى»، ئەنگلىيە كېنت ئۇنىۋېرسىتېتى ئالىملىرى بىلەن بىرلىشىپ، «يېزىدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرى» دېگەن تېمىلارنى ئىشلىگەندىن سىرت، ئۆزى مۇستەقىل ھالدا «جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىغا مېڭىش جەھەتتە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ رولى» دېگەن تېمىنى ئىشلەۋاتىدۇ.

— كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ياكى رايوندا بىر مىللەت، بىر رايوننىڭ زامانىۋىلىشىشى پۈتۈن دۆلەتنىڭ زامانىۋىلاشقانلىقى ئەمەس! پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسى زامانىۋى دۇنيانىڭ كىشىلىرىگە ئايلىنىشى شەرت. شۇڭا مىللىي مائارىپنى ھەممىدىن بەك چىڭ تۇتۇش كېرەك — دەيدۇ دىلمۇرات ئۆمەر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ — ئىسلاھات دۇنيانىڭ جۇملىدىن جۇڭگونىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى. بۇ جەھەتتە ھەركىم ئۆز ئورنىدا ۋەتەن ئۈچۈن ئىشلىشى، ئاڭلىق ئىشلىشى كېرەك. مەن بىر ئوقۇتقۇچى، مەلۇم مەنىدىن بىر تەتقىقاتچى، زور ئىشلار ھەمكارلىق شەرتى ئاستىدا ھەل بولىدۇ، ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ھازىر ئۆزۈم تەشەببۇسكارلىق بىلەن يۇقىرىنىڭ قوللىشى، مەدەت بېرىشى نەتىجىسىدە، غەربىي جۇڭگودىكى تۇنجى «مەدەنىيەت، ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى»نى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا قۇرۇپ چىقتىم. ھازىر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، 3 نەپەر ماگىستىر ئاسپىرانت تەربىيىلەۋاتىمەن. مەن يەنە جەمئىيەتشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، دىنشۇناسلىق، مەدەنىيەت، ئىنسانشۇناسلىق پەنلىرىنى ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىش ئۈچۈن دەرسلىك كىتاب تۈزۈپ نەشرگە بەردىم. مانا بۇلار مېنىڭ تۇنجى ئىسلاھات قەدىمىم دېسەم بولىدۇ.

مەن بۇ ياش ئالىم بىلەن بولغان سۆھبىتىمىزنىڭ ئاخىرىدا يەنە ئۇنىڭ ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىمىزنىڭ ئېلېكترونلۇق مېڭە مەشغۇلاتىدا كەلتۈرگەن بىر قاتار قىيىنچىلىقلىرى، دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرگە ئورتاق بولغان لاتىن يېزىقىغا كۆچۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدىكى پىكىرلىرىنىڭ شاھىدى بولدۇم. (04)

# تىجارەتچىلەر يەنىلا ھوشيار بولغىنى تۈزۈك

★ ئادىل مەتنىياز، ھەسەنجان كېرەم ★

بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن كۆپلىگەن كىشىلەر بازار قاينىمىدا ئۆز ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، كارامەتلىرىنى كۆرسىتىپ، نۇرغۇن پۇل تېپىپ بېيىدى. ئۇلار پۇل تاپقاندا، ۋەتەن، خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. لېكىن بىر قىسىم كىشىلەر باركى، ئۇلار باشقىلارنىڭ قان-تەر بەدىلىگە كەلگەن ئەمگەك مېۋىسىگە كۆز قىزارتىدۇ. بۇنىڭغا يېقىندا ناھىيىمىزدە يۈز بەرگەن مۇنداق بىر دېلونى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن.

بۇ يىل 7- ئاينىڭ 25- كۈنى قاغىلىق ناھىيىلىك ياختا-چىگە شىركىتىنىڭ ئۇنئۇبىرسال ماي پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ ئالدىدا تىجارەت قىلىدىغان بىر يەككە تىجارەتچى ئۆز ئوقىتىگە دەسمايە قىلىدىغان پۇلنىڭ كەملەپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇزۇندىن بۇيان ئۆزى مىنىپ كېلىۋاتقان، چىكىچى 100 تىپلىق موتوسىكلىتىنى ساتماقچى بولىدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا بۇ جايدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان، يانچۇقىدا بىر تىيىنمۇ بولمىغان بىر قىزىل كۆز باھا تالىشىش ئارقىلىق، موتوسىكلىتنى 3500 يۈەنگە سېتىۋالماقچى بولۇپ، قېنى ئالدى بىلەن بىر مىنىپ سىناپ كۆرۈپ باقاي، ماتورىنىڭ ئىشلەش ئىقتىدارى قانداقكىن دەپ، موتوسىكلىتنى ئوت ئالدۇرۇپ، ئاۋۋال شۇ جاينى بىر- ئىككى ئايلاندۇرۇپ، ئارقىدىن بىراقلا سۈرئىتىنى كۆچەيتىپ، يۇقىرى خوتقا سىلىپ، ھەش- پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىب بولىدۇ. شۇ چاغدىلا موتوسىكلىت ئىگىسى ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى ئۇقۇپ، دېلونى دەرھال ج خ ئورۇنلىرىغا مەلۇم قىلىدۇ. كادىر- ساقچىلارنىڭ چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەتلىنىپ، كۆپ تەرەپلىمە راۋۇرۇكا قىلىشى نەتىجىسىدە، 4 كۈندىن كېيىن بۇ ئالدامچى قانۇن تورىغا چۈشىدۇ. سوراقتا ئۇ بىرىنچى ئاغرىيدىغان، بىر بىكار تەلەت ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىدۇ. ساقچىلار ئۇنىڭدىن نېمىشقا ئالدامچىلىق قىلدىڭ؟ دەپ سورىغاندا ئۇ: «موتوسىكلىتنى مىنىپ كۆرۈپ باقاي دېسەم، ئىگىسى مېنىڭ راست سېتىۋالىدىغان-سېتىۋالمايدىغانلىقىمنى، يانچۇقۇمدا پۇل بار- يوقلۇقىنى سورۇشتۇرمەي، ئاچقۇچنى بەرگەن تۇرسا، نېمىشقا مىنىپ قاچمايدىكەنمەن؟» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. تەپتىش مەھكىمىسى ئۇنى ئالدامچىلىق جىنايىتى ئۆتكۈردى، دەپ قاراپ، قانۇن بويىچە قولغا ئېلىشنى تەستىقلايدۇ. گەرچە بۇ دېلو مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن ئىشلار ئىچىدىكى ئاددىي بىر مىسال بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئالدامچىنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى بىزنىڭ چوڭقۇر ئويلىنىشىمىزغا ئەرزىيدۇ، شۇڭا بىز كەڭ تىجارەتچىلەرنىڭ بۇ ئىشتىن ساۋاق ئېلىپ، سودا- سېتىق جەريانىدا، يەنىلا ھوشيار بولۇشىنى تەۋسىيە قىلىمىز .(05)



(ئىسمائىل ئىبراھىم فوتوسى)

# دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئىدىيە ئازادلىق ھەرىكىتى

★ ئىسمائىل مۇھەممەت ★

جۇڭگونىڭ 20- ئەسىردىكى تارىخىدا «ماركسىزم- لېنىنىزمنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە 2 قېتىم تارىخىي سەكرەش بولدى. 2 چوڭ نەزەرىيىۋى مۇۋەپپەقىيەت قولغا كەلدى». ھەر 2 قېتىملىق تارىخىي سەكرەش ئىدىيىدە ئازاد بولۇش ھەرىكىتىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە تۈرتكىسىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. ئۇنىڭ بىرى، 4- ماي ھەرىكىتىدىن باشلانغان يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدىكى ئىدىيىدە ئازاد بولۇش ھەرىكىتى بولۇپ، 4- ماي ھەرىكىتىدىن ئىبارەن پۈتكۈل جۇڭگو زېمىنىدا جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا ئۇزۇل- كېسىل قارشى تۇرىدىغان بىر مەيدان ئۇلۇغ ئىدىيىۋى ئازادلىق ھەرىكىتى قانات يايدى. لى داجاۋ، چېن دۇشيۇ، ماۋزېدۇڭ، جۇئېنلەي، لۇشۈن قاتارلىق بىر تۈركۈم ئىلغار جۇڭگو ياشلىرى فېئوداللىزمنىڭ تۈرلۈك روھىي كىشەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، جۇڭگو تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان يېڭى ئىدىيە بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ماۋزېدۇڭ يادرولۇقىدىكى 1- ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى ماركسىزمنىڭ دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ئىدىيىۋى لۇشيەنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنى ماركسىزم يولىغا سالدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ماركس بىلەن ئېنگېلس دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ئىدىيىۋى لۇشيەنىنى بەرپا قىلدى، يولداش ماۋزېدۇڭ ئۇنى جۇڭگو تىلى بىلەن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، دېگەن سۆزگە يىغىنچاقلىدى.» 1930- يىلى 5- ئايدا يولداش ماۋزېدۇڭ «كىتابىبازلىققا قارشى تۇرايلى» دېگەن ئەسىرىدە، ماركسىزمنى دوگمىلارچە چۈشىنىدىغان خاھىشلارغا خاتىمە بېرىپ، كوممۇنىستلارنىڭ كۈرەش داۋامىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەنىنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى. مۇشۇ ئاساستا ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىمىز ۋە جۇڭگو ئىنقىلابىنى ھالاكەت گىردابىدىن قۇتقۇزۇپ قالدى. شۇ قېتىمقى ئىدىيە ئازادلىق ھەرىكىتى ئارقىلىق، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب يولى تېپىلدى ۋە ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى مۇۋەپپەقىيىتى بولغان ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بارلىققا كېلىپ، جۇڭگودا سوتسىيالىزم تۈزۈمى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئورنىتىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە، پارتىيىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى توغرا بولغانلىقتىن، بىر قەدەر توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەر بەلگىلىنىپ،سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئەمەلىيەت ۋە نەزەرىيە جەھەتتە كىشىنى خۇشال قىلىدىغان شانلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ماۋزېدۇڭ پارتىيە 8- قۇرۇلتىيىنىڭ ئالدى- كەينىدە ئېلان قىلغان «ئون چوڭ مۇناسىۋەت توغرىسىدا» ، «خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە، دۆلەت ئىچى ۋە

سىرتىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئومۇمىيۈزلۈك يەكۈنلەش ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىش ئاساسىدا، جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى نېگىزلىك زىددىيەت ۋە تۈپ ۋەزىپىنى مۇپەسسەل شەرھلىدى، شۇنداقلا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشتا ئۆز يولىمىزدا مېڭىشتىن ئىبارەت يېتەكچى ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش — دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ جەۋھىرى ھەم جېنى، پارتىيىمىزنىڭ جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىنى مەڭگۈ ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئەنگۈشتەر.

دېڭ شياۋپىڭ ئىشنى ئالدى بىلەن ئىدىيىۋى لۇشيەن جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاشتىن ئىبارەت مەركىزىي ھالقىدىن باشلىدى. دېڭ شياۋپىڭ ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ جەۋھىرى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدۇم، شۇنىڭدىن كېيىن ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى دېگەن مەسىلە ئۈستىدىكى مۇھاكىمە باشلىنىپ كەتتى». 1978- يىلى 11- مايدىكى «نۇر» گېزىتىدە «ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى» سەرلەۋھىلىك ماقالە ئېلان قىلىنىپ، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتلا ھەقىقەتنى سىناشنىڭ ئۆلچىمى بولالايدىغانلىقى، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ بىرلىكى ماركسىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى ئىكەنلىكى مۇپەسسەل شەرھلەندى.

ئىنسانلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيىتى ۋە ئەقىل - پاراسىتى بىلەن سۇغىرىلغان ئاددىي ھەم چۈشىنىشلىك بىر ھەقىقەت ئۈستىدىكى مۇھاكىمىنىڭ جەمئىيەتتە زور ئىنكاس قوزغىشى، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش ھەرىكىتىنىڭ يېڭى بىر مۇقەددىمىسىنى باشلاپ بېرىشى كەمدىن- كەم ئۇچرايدىغان تارىخىي ھادىسە. لېكىن ئۇ تەسادىپىي مەيدانغا كەلگەن بولماستىن، بەلكى ھازىرقى زامان جۇڭگو تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ۋە ئىجتىمائىي سىياسىي زىددىيەتلەر تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەرلىكىدۇر. دېڭ شياۋپىڭ بۇ قېتىمقى مۇھاكىمىنىڭ زور تارىخىي ئەھمىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىدىيە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرغان، ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلغان، نەزەرىيىنى ئاساس قىلغان، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرگەن چاغدىلا، ئاندىن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ، ئاندىن پارتىيىمىزنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئاساسىدىكى نەزەرىيىسىمۇ ئوڭۇشلۇق راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى بەس- مۇنازىرە ھەقىقەتەن ئىدىيىۋى لۇشيەن مەسىلىسى، سىياسىي مەسىلە، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى ھەم تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە». دېڭ شياۋپىڭ بىر يىلغا يېقىن داۋاملاشقان مۇھاكىمە ئاساسىدا، «ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا قاراش كېرەك» دېگەن نۇتقىنى سۆزلىدى. پارتىيە 12-قۇرۇلتىيىدا، دېڭ شياۋپىڭ تەنتەنىلىك ھالدا: «ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى ئېلىمىزنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز يولىمىزدا مېڭىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش- بىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي

تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ چىقارغان ئاساسىي خۇلاسىمىز» دەپ جاكارلاپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا ئىزدىنىشنىڭ تۈپ پرىنسىپى ۋە يېتەكچى ئىدىيىسىنى كۆرسىتىپ بەردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك، چوڭقۇر قانات يېيىپ، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىر پەللە ئۆرلىدى. پارتىيە 13- قۇرۇلتىيى دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ دېگەن ئىلمىي ھۆكۈمنى مۇئەييەنلەشتۈردى. مۇشۇ ئاساستا پارتىيىمىزنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» لىق ئاساسىي لۇشيەنى شەكىللەندى، مانا بۇ ماركسىزمنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتىكى ئىككىنچى قېتىملىق تارىخىي سەكرەشنىڭ نامايەندىسى.

1992- يىلى دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە سۆزلىگەن سۆزى - دۆلىتىمىز خەلقئارا ۋە ئىچكى سىياسىي ۋەقەلەرنىڭ قاتتىق سىنىقىغا دۇچ كەلگەن زور تارىخىي پەيتتە، ئىدىيىدە ئازادە بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش لۇشيەنىدە قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغاندىن بۇيانقى «كاپىتالىزم» مۇ ياكى «سوتسىيالىزم » مۇ دېگەن مەسىلىدە كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى بوغۇپ كەلگەن بىر مۇنچە مۇھىم تونۇش مەسىلىلىرىگە چوڭقۇر جاۋاب بېرىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈدىغان يەنە بىر خىتابنامە بولدى. پارتىيە 14- قۇرۇلتىيى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى ھەمدە بۇ نەزەرىيە بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇش، پۈتۈن خەلقنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. قۇرۇلتاي سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، «ئېلىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى نىشانىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش» ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى. قۇرۇلتايدىن كېيىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنى نۇقتا قىلغان ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنىپ، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى يەنە بىر پەللە ئۆرلىدى.

پارتىيە 15- قۇرۇلتىيى ئىدىيە ئازادلىق ھەرىكىتىدە يېڭى دولقۇن قوزغىدى. ئىلگىرى كىشىلەردىكى بازار ئىگىلىكىگە نىسبەتەن «كاپىتالىزم» مۇ ياكى «سوتسىيالىزم » مۇ دېگەن گۇمانىي مەسىلىلەر «ئۈچكە پايدىلىق بولۇش» ئۆلچىمىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىلەن ھەل قىلىنغانىدى، ھازىر بۇ مەسىلە مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ قاتلاملىرىغىچە سىڭىپ كىرىپ، «ئومۇم» مۇ ياكى «خۇسۇسىي» مۇ دېگەن مەسىلىدە ئىپادىلەنمەكتە، شۇڭا «يېڭى ئەسىرگە قەدەم تاشلىنىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، بىز ھېچقاچان دۇچ كەلمىگەن مۇشكۈل مەسىلىلەر ئالدىدا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىزدىن ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش قەتئىيلىكى ۋە ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىپ ۋە ئۆستۈرۈپ، ھەممىدە «ئۈچكە پايدىلىق بولۇش» نى تۈپ ھۆكۈم ئۆلچىمى قىلىپ، ئىشلىرىمىزدا ئۈزلۈكسىز يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىشنى تەلەپ قىلدى.

تارىخ ئىسپاتلىدىكى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش بىر قەدەم ئالغا سۈرۈلسە، ئېلىمىزنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرىلىدى، تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، تۈرلۈك ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئوڭۇشلۇق بولمىدى. (05)

## خىزمەتداشلار ئارا

تۇرمۇشتا خىزمەتداشلار ئارا كىچىككىنە بىرەر ئىشنى دەپ زىددىيەتلىشىپ قالىدىغان ئىشلار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. ئويلاپ كۆرىدىغان بولساق، بۇرۇن ئۆز ئارا تونۇشمايدىغان كىشىلەر بىر يەردە ئىشلەش جەريانىدا بىر - بىرى بىلەن تونۇشىدۇ. كۈندە دېگۈدەك سالام قىلىشىپ تۇرىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن بەزىلەر ئەتراپىدىكى كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالمايدۇ؟

مۇشۇ سەۋەبتىن، مەن خىزمەتداشلىرى بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈۋاتقان ئاغىنىلىرىمدىن بىر نەچچىنى چاقىرىپ سۆھبەتلەشتىم، تۆۋەندىكىلەر ئەنە شۇلارنىڭ تەجرىبىلىرى:

1. باشقىلارنى ھۆرمەتلەش، ئىش - ھەرىكەتتە خىزمەتداشلىرىغا ئۆزىنىڭ پىكرىنى بايان قىلىش پۇرسىتى بېرىش، ئۆزىگە بەك ئىشىنىپ كەتمەسلىك.

2. سەممىي بولۇش، ئىككى يۈزلىمىلىك قىلماسلىق، گەپنى ئەگىتىپ قىلماي، ئۇدۇل سۆزلەش.

3. خىزمەتداشلار بىلەن زىددىيەتلىشىپ قالغاندا، كۆكسى - قارنىنى كەڭ تۇتۇش، ئەپۇ قىلىش، توغرا چۈشىنىش، ياردەم بېرىش، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، باشقىلارغا يول قويۇپ، ئۆزىنى كۆپرەك تەنقىدلەش.

4. ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ مەنمەنلىك قىلماسلىق. ئىش قىلغاندا كەمتەر، كىچىك پېئىل بولۇش، ئۆز ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاش، ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى باشقىلارنىڭ كەمچىلىكى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، باشقىلارنى كەمسىتمەسلىك.

5. ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغاندا مەرد بولۇش، خىزمەتداشلار قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، قىزغىن ياردەم قىلىش، باشقىلار سىزدىن بىر نەرسە ئارىيەت ئالغاندا، ئىمكانقەدەر رازى قىلىش، ماقۇل بولغان ئىشنى ئامال قىلىپ ئورۇنداش.

6. باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئېلىشتىن بۇرۇن سوراپ بېقىپ ئاندىن ئىشلىتىش، ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆز قولىغا قايتۇرۇپ بېرىش. «قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ، ئاندىن خەۋەرلەندۇرۇپ قويۇش»قا ياكى پەرۋاسىز قاراشقا بولمايدۇ.

7. خىزمەتداشلىرىنىڭ ئارقىسىدىن غەيۋەت قىلماسلىق، ئۇلارنىڭ سۆز - ھەرىكىتى، چىراي شەكلىدىن قۇسۇر تاپماسلىق، ئۇلارغا لەقەم قويماسلىق.

8. خىزمەتداشلىرىنىڭ رەھبەرلەر بىلەن يېقىنلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندە سۆز-چۆچەك قىلماسلىق.

9. ئۆز ھەرىكىتىنىڭ خىزمەتداشلىرىغا قولايسىزلىق تۇغدۇرۇپ قويغان - قويمىغانلىقىغا دىققەت قىلىش. مەسىلەن: باشقىلار ئۆگىنىش قىلىۋاتقاندا، خەت يېزىۋاتقاندا ياكى دەم ئېلىۋاتقاندا ئىمكانقەدەر مۇھىتنىڭ تىنچلىقىنى ساقلاپ، دەخلى يەتكۈزمەسلىك.

يۇقىرىقى تەجرىبىلەر گەرچە مۇكەممەل بولمىسىمۇ، بىراق ئۇ خىزمەتداشلار ئارا مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالايدىغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تەجرىبىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بەلكىم سىزگىمۇ مۇۋاپىق كېلىشى مۇمكىن.

(03)

پەردە قاۋۇز (ت)



# ماگا رىقابەتچى كېرەك

★ لوشى ★

ماگا دوستمۇ كېرەك، ئەمما رىقابەتچىمۇ كېرەك. مەن رىئاللىقتىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇشنى، ئازابلىنىۋېتىپمۇ ئۆزىنى ئەتەي بەخىرامان تۇتىدىغان بىكارچىلاردىن بولۇشنى خالىمايمەن. چۈنكى سەن رېئاللىقتا يۈزلىنىدىكەنسەن، جاھانكەشتىلەرگە ئوخشاش ئەتراپىڭدىكىلەر بىلەن بەسلەشمەكتىن باشقا يولۇڭ يوق، ئۇلۇغ جاسارەتنى ئۇرغۇپ تۇرغان خىيالپەرەس ناۋادا مەزمۇت دەسسەپ تىك تۇرماقچى بولىدىكەن، ئۆز ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسىگە، ھەممە ئىشقا دىققەت قىلىشى، رىقابەتلىشىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك.

قوشنىمىزنىڭ 2 ئوغلى چەت ئەللىك مەبلەغ سالغان مەلۇم بىر كارخانىغا خىزمەت ئۈچۈن بېرىپ، بارلىق رىقابەتچىلىرىنى يېڭىپ چىقىپتۇ. ئەمما ئويلىمىغان يەردىن ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق سىناقتا قىيىن بىر مەسىلىگە دۈچ كېلىپتۇ:

- ئاكا - ئۇكا ئىككىڭلاردىن بىرىڭلارنىلا ئالىمىز، سىلەرچە قانداق قىلساق بولار؟

- ئۇنداق بولسا، مەن ئىنىمغا ئۆتۈنۈپ بېرەي،

- دەپتۇ ئاكىسى.

- بولمايدۇ، - دەپتۇ ئىنىسى ئاكىسىنىڭ پىكرىنى رەت قىلىپ، - ئىككىمىز بەسلىشىپ كۆرۈپ، نەتىجىگە قاراپ بىر نېمە دېيىلى. ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ ئاكىسىنىڭ دولىسىغا شاپىلاقلاپ قويۇپتۇ.

گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە شىركەت خوجايىنى چاۋاك چالغانچە ئىچكىرى بۆلۈمدىن چىقىپ كېلىپتۇ ۋە خۇشاللىق بىلەن:

- بىز ئىنىنى بولغۇچىنى قوبۇل قىلماقچى بولدۇق. چۈنكى ئۇ رىقابەتتىن قاچمايدىكەن.

بۇ ئىش ماگا 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە بولۇپ ئۆتكەن بىر تارىخىي ۋەقەنى ئەسلەتتى.

جون كىنىدى بىر دانە قەھرىمانلىق ئوردېنى ۋە يەنە بىر دېڭىز ئارمىيىسى ئوردېنىغا ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ ئاكىسى يوھۇۋ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يىغلاپ كېتىدۇ. بۇ ھەرگىز ئىنىسىغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ شۆكەمگىچە بىرەرمۇ ئوردېنغا ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئىكەن. ئۇ ئىنىسىنىڭ بۇ «نەتىجە» سىدىن ئىلھاملىنىپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن يېڭى بىر جەڭ ۋەزىپىسىنى ئىلتىماس قىلىدۇ، ئۇ بۇ ئارقىلىق ئىنىسىغا ئۆزىنىڭمۇ بىر ئەزىمەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولغان ئىكەن. ئەمما، بۇ قەھرىمان جەڭگە ئاتلانغانچە قايتىپ كېلەلمەيدۇ. ئۇلار ئاكا - ئۇكا جەمئىي 3 ئوغۇل بولۇپ،

كىچىكىدىنلا ئاتىسىنىڭ رىقابەت ئېڭى بىلەن تەربىيىلىشىدە ئۆسۈپ يېتىلگەچكە، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئەتراپىدىكىلەر بىلەن رىقابەتلەشكەندىلا ئۆزۈپ چىققىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقان ئىكەن.

دەرۋەقە «تەقدىر ـ قىسمەت» دەيدىغان بىر نەرسە بولۇپ، تەقدىر پېشانىگە پۈتۈلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، تەلەي دېگەننى ئادەملەر ئۆزلىرى يارىتىدۇ. ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ئادەم ھەم باتۇرلۇق بىلەن جەڭ ئېلان قىلالايدىغان، ھەم باشقىلار ئېلان قىلغان جەڭگە چىقالايدىغان بولۇشى لازىم. بۇ، ئۇنىڭدا ھەممىنى بېسىپ چۈشۈشكە ئىنتىلىدىغان قىممەتلىك روھ ۋە رىقابەتچىسى بىلەن ئېلىشىپ كۆرۈشكە بەل باغلىيالايدىغان جاسارەت بولۇشى كېرەك دېگەنلىك. چۈنكى ئىلگىرىلەشلا ئاداققى مەقسەت ھېسابلىنىدۇ.

دوستلىرىمىز بىزگە نېمە ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىمىزنى ئىسپاتلاپ بېرەلىسىمۇ، رىقابەتچىلىرىمىز بىزلەرگە نېمە ئىشلارنى قىلىشىمىز لازىملىقىنى ئۆگىتىدۇ. شۇڭا بەزىلەر «سېنىڭ بىرەر رىقابەتچىڭمۇ بولمىسا، بۇ بەخت ـ سائادىتىڭ سېنى ئۇنتۇپ كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنىڭ بىشارىتى» دەپ توغرا ئېيتقان. ھەقىقىي دېڭىزچى مەنزىرە تاماشا قىلىپ ھۇزۇرلانغۇچى ئەمەس، بەلكى بوران ـ چاپقۇننىڭ مەركىزىدۇر. شۇنىڭغا ئوخشاشلا بىر باتۇر ئەزىمەتنىڭ بارلىق ئادەمنى خۇشال قىلماقچى بولۇشى بىر خىل ئورۇنسىز ئاۋارىچىلىق، چۈنكى ئۇ مەيلى قايسى تەرەپكە يۈزلەنگەن بولسىمۇ، دۇنيانىڭ يەنە بىر يېرىمىغا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرغان بولىدۇ. دۇنياغا ئەتراپىڭدىكىلەرگە خۇشامەتكويلۇق قىلغىنىڭدىن كۆرە، ئۆزۈڭنى قوراللاندۇرۇپ پىششىقلىۋالغىنىڭ، ئۆزۈڭنى رېئاللىقتىن ئېلىپ قاچقاندىن كۆرە، كىشىلىك تۇرمۇشقا توغرا يۈزلەنگىنىڭ، ھاقارەت ـ خورلۇققا باش ئېگىپ تۇرغىنىڭدىن كۆرە، بېشىڭنى تىك تۇتۇپ، مەيدەڭنى كېرىپ يۈرگىنىڭ... تۈزۈك.

(08) (داۋۇت ساۋۇت. ت)

## تاماكا تاشلاشنىڭ پايدىسى

تاماكا تاشلاپ 1 سائەتتىن كېيىن، بەدەندىكى تاماكا چېكىشتىن كەلگەن زەھەرلىك پۇراقلار يوقاشقا باشلايدۇ.

8 سائەتتىن كېيىن بەدەندىكى نىكوتىن، كاربون چالا ئوكسىدى مىقدارىنىڭ يېرىمى ئازلايدۇ.

24 سائەتتىن كېيىن قان كىسلورود مىقدارى نورمال ئەسلىگە كېلىپ، يۈرەك كېسىلى قوزغىلىش پەيتى تۆۋەنلەشكە باشلايدۇ.

72 سائەتتىن كېيىن بەدەندە قېپقالغان نىكوتىن ئاساسەن يوقىلىدۇ.

بىر ھەپتىدىن كېيىن بەدەندىن يەنە تاماكىنىڭ بەتبۇي پۇرىقى تارالمايدۇ.

1 ئايدىن كېيىن قان ئايلىنىش سىستېمىسىنىڭ ئاغرىشى ئازلاپ، زۇكام بولۇش يەڭگىللەيدۇ.

3 ئايدىن كېيىن يۆتىلىش، دېمى سىقىلىش كۆرۈنەرلىك ئازلاپ، ئۆپكىنىڭ ئىقتىدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5 % ـ 10 يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

1 يىلدىن كېيىن تاماكا چېكىشكە سەۋەب بولغان تاجىسمان ئارتېرىيىنىڭ كېسەللىك خەتىرى يېرىم تۆۋەنلەيدۇ.

5 يىلدىن كېيىن ئېغىز بوشلۇقى راكى، قىزىلئۆڭگەچ راكى، بوغۇز راكى ۋە يۈرەك كېسىلىنىڭ قوزغىلىش خەۋپى يېرىم تۆۋەنلەيدۇ.

10 يىلدىن كېيىن سەكتە خەتىرى تۆۋەنلەپ ۋە تاماكا چەكمىگۈچىلەرگە يېقىنلاپ، ئۆپكە راكى قوزغىلىشنىڭ خەتەرلىك نىسبىتى يېرىم تۆۋەنلەيدۇ.

20 يىلدىن كېيىن داۋالىنىش چىقىمى ئازلايدۇ، يەنە زور مىقداردىكى تاماكا پۇلىمۇ تېجەپ قېلىنىدۇ. ئەڭ مۇھىمى كېسەل بولۇش ئېھتىماللىقى تاماكا چەكمىگۈچىلەر بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. (08)

قۇربانجان توختى (ت)

# پۇل ۋە مەدەنىيەت

★ ئابدۇغېنى ئابدۇغوپۇر (ئارمان) ★

ئۇزۇندىن بېرى كىشىلەر پۇلدىن ئىبارەت بۇ «كۈچلۈك سېھىرگە ئىگە ئاجايىپ مەخلۇق» ئۈستىدە توختىماستىن مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ كەلدى. لېكىن پۇلنىڭ زادى نېمىنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكى ھەققىدە بىرلىككە كېلەلمىدى.

مەيلى نېمىلا بولمىسۇن بىز شۇنداق مۇئەييەنلەشتۈرىمىزكى، پۇل بولمىسا ھەر قانداق كىشىنىڭ ياشاش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ، ھەركىمنىڭ قانائەتلىنەرلىك ئەتىسى بولمايدۇ. مېنىڭچە، خىلمۇ خىل مۇرەككەپ ھادىسىلەرگە سەۋەبچى بولغان نەرسە پۇل ئەمەس، بەلكى شۇ پۇلنىڭ ئىگىلىرى بولغان ئادەملەردۇر.

دۆلىتىمىز يېقىنقى ئون نەچچە يىل مابەينىدە دۇنيانىڭ دىققىتىنى قوزغىغۇدەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. ئەقىللىق كىشىلىرىمىز پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئىلگىرى - كېيىن بازارغا يۈزلىنىپ پۇل تاپتى. پۇل ئارقىلىق ئۆزى كۆزلىگەن نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرگە ئېرىشتى. باياشاتلىقنىڭ لەززەتلىك تەمىنى تېتىدى. بەزى كىشىلىرىمىز ھەتتا ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇندىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى، قالاق تۇرمۇش ئۇسۇلىدىن ۋاز كېچىپ، يېڭىچە، بىر قەدەر ئىلغارراق بولغان تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئادەتلەندى.

بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر مۇقەررەر ھالدا ئاڭ، بىلىم- سەۋىيە، مەدەنىيەت، سۈپەت... قاتارلىق جەھەتلەردە خۇشاللىنارلىق ئىلگىرىلەشنى مەيدانغا كەلتۈردى. نۇرغۇنلىغان كىشىلىرىمىز بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈشتىن سەل يىراققا نەزەر سالىدىغان، پەن- بىلىمنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىدىغان، ئۆز يۇرتىنىڭ قىياپىتىنى، ۋەتەننىڭ تەقدىرىنى ئويلايدىغان بولدى. بەزى ئىقتىدارلىق كىشىلىرىمىز تېخى شىنجاڭ بازارلىرى بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي، دېڭىز بويى رايونلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ چوڭ بازارلىرىغا كۆز تىكىدىغان بولدى.

شۈبھىسىزكى، بۇ مەنزىرىلەر سىزنى كۈچلۈك ھاياجانغا سالماي قالمايدۇ. بۇ خەلقىمىزنىڭ كۈنسېرى روناق تېپىۋاتقانلىقىنىڭ، سان - سۈپەت جەھەتتە بارغانسېرى ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىمىزنىڭ نامايەندىسى.

راست، نۆۋەتتە پۇل ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتى كۈچىنى نامايان قىلدى، ئۆزىنىڭ بۈيۈكلۈكىنى ئىسپاتلىدى. لېكىن بىز ئۆزىمىزنىڭ ھەل قىلىش قىيىن بولغان بىر جىددىي مەسىلىگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىمىزنى ھېس قىلىشىمىز كېرەك. ئۇ بولسىمۇ تۇرمۇش سەۋىيىمىزنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ ماس ھالدا مەيدانغا كەلمەيۋاتقان



مەدەنىيەت مەسىلىسى.

بىز ئۇزۇندىن بېرى يۇقىرى سۈرئەت بىلەن پۇل تېپىشنى قوغلاشتۇق ـ يۇ، ئەسلى بارلىققا كېلىشى كېرەك بولغان مەدەنىيەت مەسىلىسىگە بەك سەل قارىدۇق. بىلىشىمىز كېرەككى، پۇل تېپىش بىر مەسىلە، ئەڭ مۇھىمى تاپقان پۇلنى قانداق خەجلەشتە.

پۇل بولغان ئىكەن بىز شۇنىڭغا خاس سۈپەتكە ئىگە بولۇشىمىز، توختىماستىن ئۆزىمىزنى تەربىيىلىشىمىز، زور كۈچ سەرپ قىلىپ مەدەنىيەت، ئاڭ جەھەتتە كۈچلۈك بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىشىمىز، بىر خىل تۇرغۇنلۇق ئىچىدە مېڭىۋەرمەسلىكىمىز كېرەك. پۇل بىلەن ماس قەدەمدە بارلىققا كېلىدىغان زامانىۋى مەدەنىيەت ئەزەلدىن بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدۇ، بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، بىرى بولمىسا ھەقىقىي گۈللىنىش بارلىققا كەلمەيدۇ.

بىزنىڭ ئۇزۇن تارىخىمىز جەريانىدا شەكىللەنگەن رەڭدار ۋە گۈزەل مەدەنىيەت ئەنئەنىمىز بار، بىز بۇنىڭدىن ئەزەلدىن پەخىرلىنىپ كەلدۇق، لېكىن دەۋرىمىزنىڭ تەرەققىياتى تەلەپ قىلىدىغان ئۆزىمىزگە خاس مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل مەدەنىيەت ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، داۋاملىشىپ كەلگەن خىلمۇ خىل ئەنئەنىلىرىمىز ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىمىز ئىچىدىكى ناچارلىرىنى شاللىۋېتىش، ياخشى، ئىلغارلىرىنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ.

بىز مەدەنىيەت مەسىلىسىنى ئويلاشقىنىمىزدا تار دائىرىدىكى شەھەرلەرنىلا ئەمەس، 80 % كىشىلىرىمىز ياشاۋاتقان كەڭ يېزا ـ قىشلاقلارنىمۇ كۆزدە تۇتۇشىمىز كېرەك. بىز دەۋاتقان مەدەنىيەت ئۇرۇقلىرى ئاشۇ كەڭرى زېمىندىمۇ بىخلانسا ئاندىن ئۇ ھەقىقىي مەنىسى بىلەن مەدەنىيەت بولىدۇ.

ئويلاپ باقايلى، نۆۋەتتە بىز خېلى كۆپ پۇل تاپقان بولساقمۇ لېكىن ئۆزىمىزنىڭ شۇ بايلىقىمىزغا خاس سالاپەتكە ئىگە بولۇشىمىز كېرەكلىكىنى بىلمەيمىز. سافاغا ئاياغ بىلەن چىقىپ يۇكۇنۇپ ئولتۇرىدىغان بەزى بايلىرىمىز ئۆزىنىڭ قايسى جەھەتتىن نامرات ئىكەنلىكىنى، پۇل تېپىش بىلەن بىرگە يەنە نېمىلەرنى ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلىشكە تىرىشىشى كېرەك. پۇللا بولسا باشقا ھېچنەرسىنىڭ كېرىكى يوق دەپ قارايدىغانلار ھەقىقىي بەختنىڭ، مەنىلىك ھاياتنىڭ نېمىلىكىنى ئۆگىنىشى كېرەك. بولمىسا ئۇلار ئەسلىدىلا گادايلىق يولىغا مېڭىپ بولغانلىقىنى بىلمەي قالىدۇ.

مانا مۇشۇنداق ئويلىنىشلار ۋە ئۆگىنىشلەر بىزنىڭ دەۋرگە ۋە مىللىتىمىزگە خاس يېڭى مەدەنىيەتنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ، بىزنى ئۆزگەرتىدۇ.

پۇل ـ قىسقا مۇددەتلىك باياشاتلىقنىڭ مەنبەسى. مەدەنىيەت بولسا بىر خىل قۇدرەتلىك روھىي بايلىقنىڭ ئىپادىلىنىشى. ئەگەر بۇ ئىككىسى بىر گەۋدە قىلىنسا ئۇ ھالدا ئۇ ھەقىقىي مەنىسى بىلەن تۈگىمەس بايلىققا ئايلىنىدۇ.

ئەسىر ئالمىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە خەلقىمىز ھەرقايسى تەرەپلەردىن زور بۆسۈش ھاسىل قىلىنىش نۇقتىسىغا يېقىنلىماقتا. بىز يېڭى ئەسىرگە قانداق سۈپەت، قانداق مەدەنىيەت، قانداق ئاڭ بىلەن قەدەم قويۇشىمىز ۋە شۇ ئاساستا ئۆزىمىزنى ئىسپاتلىشىمىز دۇنيادىكى ناھايىتى نۇرغۇن مۇتەخەسسىسلەرنى قىزىقتۇرماقتا.

بىز ئالغا بېسىۋاتىمىز، بۇندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئالغا باسىمىز. بىز «شۈكرى قالپىقى»نى چۆرۈپ تاشلاپ تېخىمۇ كۆپلەپ بايلىق يارىتىشىمىز، تېخىمۇ كۆپلەپ بايلىققا ئىگە بولۇشىمىز، شۇ ئاساستا ئەنئەنىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىپ زامانىۋى جەمئىيەتكە خاس ھالدا زامانىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشىمىز، زور كۈچ سەرپ قىلىپ ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىپ يېڭى ئەسىرنى يېڭى نەتىجىلىرىمىز بىلەن كۈتۈۋېلىشىمىز كېرەك. (04)

# ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرايلى

★ رىزۋانگۈل مۇھەممەت ★

مائارىپنى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرىمىز دەيدىكەنمىز، جەزمەن ئىسلاھاتنى چىقىش يولى قىلىشىمىز كېرەك. مائارىپ تۈزۈلمىسىدىكى ئىسلاھات تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە نۇقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**1. «دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش، تەكشۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش» پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىللىرى يىغىنىنى ئېچىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.** مەكتەپتە قاتلاممۇ قاتلام رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ھەمدە مەكتەپ مۇدىرىنى مەركەز قىلغان مەمۇرىي رەھبەرلىك ۋە باشقۇرۇش سىستېمىسى بولۇش؛ پارتكومنى يادرو قىلغان سىياسىي رەھبەرلىك ۋە تەكشۈرۈپ بېيتەكلەشكە كاپالەتلىك قىلىش سىستېمىسى بولۇش؛ ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىللىرىنى ئاساس قىلغان دېموكراتىك باشقۇرۇش ۋە ئامما تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىش سىستېمىسى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. تەكشۈرۈپ بېيتەكلەش، نازارەت قىلىش ئورۇنلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدۇ. مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىللىرى سايلىنىپ ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىللىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلسە مەكتەپنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**2. رەھبەرلىك قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش.** قۇرۇلما «ئىخچام ئۈنۈملۈك بولۇش، ئورۇننىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشىغا قارىمايدىغان بولۇش» پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، ئەمەلي ئېھتىياجغا ئاساسەن تارقاقلاشتۇرۇشقا بولىدىغاننى تارقاقلاشتۇرۇش، بىرلەشتۈرۈشكە بولىدىغاننى بىرلەشتۈرۈش، كۆپەيتىشكە بولىدىغاننى كۆپەيتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. مەكتەپلەر، بۆلۈملەردىكى باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ قوشۇۋېتىشكە تېگىشلىكلىرىنى قوشۇۋېتىش، قىسقارتىشقا بولىدىغانلىرىنى قىسقارتىش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشقا بولىدىغانلىرىنى قالدۇرۇۋېتىش كېرەك. مەكتەپ ئىشخانىلىرىدىكى قىسقارتىشقا بولىدىغان خادىملارنىمۇ قىسقارتىش كېرەك. شۇ ئارقىلىق مەسئۇلىيەت ئېنىق بولۇش، خىزمەتنى ئورتاق ئىشلەش، بىر-بىرىگە يۆلىنىۋالماسلىق، زىچ ماسلىشىش، كېلىشىپ ئىشلەش، خىزمەت كەيپىياتى ياخشى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ خادىملار ئاز بولۇش، ئۈنۈم يۇقىرى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

**3. ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىش تۈزۈمى ئىسلاھاتى.** «بۆلۈملەر ئىخچام، خادىملار جانلىق بولۇش» پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، ئىش ئورنى مەسئۇلىيىتى، ۋەزىپىسى ئېنىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قوش يۆنىلىشلىك تاللاشنى بولغا قويۇپ ئەخلاقلىق، ئىقتىدارلىق خادىملارنى ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىپ ھەر بىركىشىنىڭ ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قاتلاممۇ قاتلام ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىش



تۈزۈمىنى ئورنىتىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئىقتىدارلىقلارنى ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىپ ئۇلارنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلانغىلى بولىدۇ. تەكلىپ قىلىنغۇچىلار بىلەن قاتلاممۇ قاتلام توختام تۈزۈش كېرەك. شۇنداقلا تەكلىپ قىلىنغۇچىنىڭ ئىش ئورنى ۋەزىپىسى، مەسئۇلىيىتى، ھوقۇقى، مەجبۇرىيىتى، ۋەزىپىسىنى تاماملاش ۋاقتى قاتارلىقلارنى ئېنىق بېكىتىش كېرەك.

ۋەزىپىدىن قالغانلارنى ئوقۇتۇشنىڭ 1-سېپىگە ئەۋەتىش، ئوقۇتۇشنىڭمۇ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلارنى 3-كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا قويۇپ، مەكتەپ مەمۇرىيىتىنى ئىخچاملاش كېرەك.

**4. مائاش تۈزۈمى ئىسلاھاتى.** مەكتەپلەردە «تۆمۈر تاۋاق» تاشلىنىپ «كۆپ ئىشلىگەن كۆپ ھەق ئېلىش» ياكى «ئىشلىگەن چىشلەيدۇ» پرىنسىپىنى يولغا قويۇش كېرەك. مائاش ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ تەڭ تەقسىماتچىلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش تۈزۈمى يۈزگۈزۈلۈشى كېرەك. خىزمەت تۈزۈمىدىكى خىزمەت پوزىتسىيىسى، ۋەزىپىنىڭ ئاز- كۆپلۈكى، مەسئۇلىيەت دەرىجىسى قاتارلىقلارغا ئاساسلىنىش، دەرس سائىتىنى ھېسابلاش، كېلىپ- كېتىش ئەھۋالى، خىزمەت ئۈنۈمى قاتارلىقلارغا ئاساسەن مۇكاپاتلاش-جازالاش سوممىسىنى بېكىتىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا مەسئۇلىيەت كۈچىيىپ، ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشلار ئازىيىدۇ. مائاش تۈزۈمى ئىسلاھاتى يەنىمۇ چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلسا ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت ئاكتىپلىقى تېخىمۇ ئاشىدۇ. ئىدىيىسىدە بېسىم شەكىللىنىپ ئاكتىپلىق بىلەن خىزمەت ئىزدەش ئىستىكى پەيدا بولىدۇ. ئاكتىپلىق بىلەن دەرس ئۆتۈش، ئاكتىپلىق بىلەن ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى تەلەپ قىلىپ ئېلىپ بارىدۇ. بولۇپمۇ دەرسنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان ئوقۇتقۇچىلارغا نىسبەتەن چوڭ بۇرۇلۇش پەيدا قىلىدۇ. بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

**5. ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى.**«ۋەزىيەتكە ماسلىشىش، ساپانى يۇقىرى كۆتۈرۈش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ مەكتەپنى بېيىتىپ ئۇسكۇنىلەرنى بېكىلاش، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ كۈچەيتىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئوقۇتۇش - دەرس ئۆگىتىش ۋە دەرس ئۆگىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دەرس ئۆگىنىش ئۈچۈن جەزمەن ئوقۇتقۇچىدا مول بىلىم بولۇشى شەرت. ئوقۇتقۇچىنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرمەي تۇرۇپ ئوقۇغۇچىنىڭ دەرس ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئوقۇغۇچىنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. نۆۋەتتە جەمئىيىتىمىزگە پەقەت دەرسنىلا بىلىدىغان ئوقۇغۇچى ئەمەس بەلكى نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ ھەقىقىي بىر تەتقىقات ياكى ئەمەلىي ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئوقۇغۇچىلار لازىم بولغاچقا، بۇ سەۋىيىگە يېتەلەيدىغان ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە ئوقۇتقۇچىغا مۇھتاج بولماقتىمىز. شۇڭا «ياخشىنى تاللاپ ناچارنى شاللاش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ .ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىياسىي ساپاسىنى ۋە كەسپىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى ساپلاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

**6. ئىگىلىك ئىسلاھاتى.** مەكتەپنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز دەيدىكەنمىز، جەزمەن ئىقتىسادىي كۈچكە تايىنىشىمىز كېرەك. مەملىكىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا دۆلەتكىلا تايىنىۋېلىشقا بولمايدۇ. شۇڭا ئوقۇتۇش بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى بىرلەشتۈرۈش يولىدا مېڭىشىمىز كېرەك. ئۇچىنچى ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىگىلىك ئارقىلىق ئوقۇتۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىگىلىك ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشتا «ھۆددىگە ئېلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش» پرىنسىپىنى قوللىنىش كېرەك. كارخانا باشقۇرۇش قانۇنىيىتىنى ياخشى ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ھۆددىگە ئېلىش توختامنامىسىنى تولۇقلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم.(02)

(قېيۇم ئابدۇقادىر فوتوسى)



# ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساپاسى

★ ئايشەمگۈل ئايۇپ ★

ئالىي مەكتەپ ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەيدىغان بىلىم يۇرتى. ئەسىر ھالقىيدىغان بۈگۈنكى كۈندە، دۇنيا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ ھەرقايسى دۆلەتلەر ۋە رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت كەسكىنلەشمەكتە. ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى رىقابىتى ئاخىرقى ھېسابتا ئىختىساسلىقلار رىقابىتىگە ئايلانماقتا. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئالىي مەكتەپلەردە تەربىيىلىنىپ چىققان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساپاسى 21-ئەسىردىكى جۇڭگونىڭ قىياپىتىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە. شۇڭا، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى جۇڭگۇچە سوتسىيالىستىك ئەخلاقىي ئاساسىدا، سوتسىيالىستىك ئەخلاقىي تەربىيىنى كۈچەيتىپ، بىلىملىك، غايىلىك، ئەخلاقلىق ۋە جىسمانىي پسىخىك جەھەتتىن تولۇق يېتىلگەن، دەۋر تەرەققىياتىغا ماسلىشالايدىغان ئىختىساسلىقلاردىن

قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئالىي مەكتەپ مائارىپىنىڭ تۈپ نىشانىدۇر.

ھازىرقى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، رىقابەت ئېڭى كۈچلۈك، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە. بىراق، ماددىي تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، بىر قىسىم ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ روھىي دۇنياسى بارغانسېرى كەمبەغەللەشمەكتە. ئاساسىي مەدەنىيەت ساپاسى تۆۋەن بولۇش، پسىخىك جەھەتتىن يېتەرسىز بولۇش، تۇرمۇشتا قالايمىقان، رەتسىز بولۇش، راھەتكە بېرىلىش، شەخسىيەتچىلىك ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلەر قاتارلىقلار جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرىگە ئايلانماقتا. بۇنداق ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە سەۋەبتىن ئىزدەش مۇمكىن.

**1. «ئىمتىھان» مائارىپىنىڭ تەسىرى.** ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتۈش-ئۆتەلمەسلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىستىقبالىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىلغا ئايلاندى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى ئوقۇغۇچىلارنى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا ئۆتكۈزۈشنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى قىلىپ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى «ئىمتىھان» مائارىپىغا ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن نومۇرغا ئەھمىيەت بېرىپ، قابىلىيىتىگە سەل قاراش، نەتىجىسىگە ئەھمىيەت بېرىپ ساپاغا سەل قاراش ھالىتى شەكىللەندى.

**2. كەسپىي مائارىپنىڭ تەسىرى.** ئۇزۇندىن بۇيان ئالىي مەكتەپ مائارىپى كەسپىي مائارىپقا ئايلىنىپ قېلىپ

كەسپكە ئەھمىيەت بېرىپ ئىدىيىۋى - ئەخلاقىي، جىسمانىي، گۈزەللىك تەربىيىسىگە سەل قارىدى.

**3. ئەخلاقىي تەربىيىنىڭ مەزمۇنى تار دائىرىدىكى سىياسىي تەربىيە، دەپ قارىلىپ ئوقۇغۇچىلارنى ئەتراپلىق تەربىيىلەشكە سەل قارالدى.**

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى مەكتەپ. ئۇلار مەكتەپتە ئۆگىنىدۇ، خىلمۇ خىل پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شۇڭا مەكتەپنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئوقۇغۇچىلار ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەكتەپنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپلەرگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

(1) مەكتەپنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى توغرا يۆنىلىشتە تەرەققىي قىلدۇرۇش. غايىلىك، ئەخلاقلىق ۋە كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچان ۋە رىقابەت ئېڭىغا ئىگە ياشلارنى تەربىيىلەش مەكتەپمەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مەركىزىي مەزمۇنى، شۇڭا مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىلىرى ئىدىيىۋى تەربىيىدە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىلىرىنى ئۆگىنىشكە يېتەكلەش ۋە ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئېچىش، مۇنازىرىلىشىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سىياسىي ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەمئىيەتتىكى ئىلغار ياشلارنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ توغرا دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى تۇرغۇزۇشىغا ياردەم بېرىش كېرەك. ئوقۇغۇچىلاردا دېموكراتىيە ئېڭى ۋە تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش كېرەك. شۇڭا، ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىتتىپاق كومىتېتلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىلىرى ئاشكارا سايلام ئۆتكۈزۈش ۋە تەكلىپ قىلىش تۈزۈملىرىنى يولغا قويۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دېموكراتىك ھالدا مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتلىرىدا ۋە ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىلىرىدا ھەر خىل خىزمەتلەرگە قاتنىشىشىغا يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك.

(2) ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆسۈپ- يېتىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ مەدەنىيەت مەزمۇنلىرى ۋە پائالىيەت سورۇنى بىلەن تەمىنلەش كېرەك. چەت ئەل تىلى، ماتېماتىكا، كومپيۇتېر مۇسابىقىلىرىنى كۆپلەپ ئۇيۇشتۇرۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئىلغارلارنى مۇكاپاتلاش تۈزۈملىرى ئارقىلىق كۆپچىلىكنى ئىلھاملاندۇرۇپ، تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان ياخشى ئۆگىنىش كەيپىياتى بەرپا قىلىش كېرەك. مەكتەپلەردە پەن-تېخنىكا كەشپىيات مۇسابىقىلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەتقىقات سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۆگەنگەننى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتەلەيدىغان قىلىپ تەربىيىلەش لازىم.

(3) ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان قىزىق نۇقتىلارغا قارىتا توغرا مۇئامىلە قىلىشقا يېتەكلەش كېرەك. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىسلاھاتلار ۋە باشقا مەسىلىلەر ھەققىدە تونۇش يېتەرلىك ئەمەس، تەجرىبىسى كەمچىل، مەسىلىلەرگە يۈزەكى قارايدۇ. شۇڭا مەكتەپ نۆۋەتتە يۈز بېرىۋاتقان مەسىلىلەر ھەققىدە ئوقۇغۇچىلارغا ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى توغرا تونۇشىغا ياردەم بېرىشى لازىم.

(4) مەكتەپنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى مەكتەپنىڭ مۇھىت قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش شارائىتى ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش لازىم. ئوقۇغۇچىلارغا بولغان گۈزەللىك تەربىيىسىنى كۈچەيتىش كېرەك.

(5) پسىخىك تەربىيىنى كۈچەيتىپ پسىخىك مەسلىھەت بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ياشلىق باسقۇچىدا بولۇپ، تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن، تۇرمۇش تەجرىبىسى كەمچىل، مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىقتىدارى بىر قەدەر تۆۋەن بولۇپ ھەر خىل زىددىيەتلەرگە يولۇققاندا ئاسانلا پسىخىك توسالغۇ پەيدا بولۇپ قالىدۇ. (02)

(يۇسۇپجان مۇھەممەت فوتوسى)

# كىتاب ـ ژۇرنال قانداق چىقىدۇ؟

★ سۇلتان ھاشىم ★

كىتاب ھەققىدە مەشھۇر شەخسلەردىن تارتىپ ئاددىي ئادەملەرگىچە نۇرغۇن ياخشى تەرىپلەر بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ھېكمەتلىك سۆز تۈسىنى ئېلىپ، كۆپرەك تىلغا ئېلىنىدىغىنى «كىتاب ئادەمنىڭ دوستى» دېگەن مەنىلىك، قىسقىغىنە بىر جۈملە سۆزدۇر.

كىتاب ئوقۇمايدىغان ئادەم ئاز تېپىلىدۇ. بەزى ئادەملەر ئۆزىنىڭ كىتاب ئوقۇشقا قىزىقمايدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولۇپ: مەن كىتابنى ئۇيقۇ كەلتۈرۈش ياكى ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرىش ئۈچۈنلا ئوقۇيمەن، دەپ قويىدۇ. بۇنى كىتابقا نىسبەتەن ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىدىكى تونۇش دەپ قارىغان ھالەتتىمۇ، كىتاب ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى كەلتۈرگەن، ئىچى پۇشۇقىنى چىقارغانىكەن، بۇ شۇ كىتابنىڭ شۇ ئادەمنىڭ روھىي كەيپىياتىنىڭ تەڭشىلىشىگە كۆرسەتكەن تەسىرىدۇر.

كىتابقا بېرىلگەن باھانىڭ شۇنچە يۇقىرى، كىتاب ئوقۇيدىغانلارنىڭ شۇنچە كۆپ بولغىنىغا قارىماي، خېلى كۆپ ئادەم بىر كىتابنىڭ قانداق قىلىپ كىتاب بولۇپ چىقىدىغانلىقىنى ئانچەبىلىپ كەتمەيدۇ. ئۇلار كىتابنىڭ نامى، ئاپتورنىڭ ئىسمى، نەشر قىلغان ئورۇن ۋە كىتابنىڭ باھاسىغا كۆز يۈگۈرتىدۇ ـ دە، كۆڭلىگە ياقسا ئېلىپ ئوقۇپلا بولدى قىلىدۇ.

ئادەملەردە شۇنداق تەبىئىي قىزىقىش باركى، ئۆزىگە زۆرۈر بولغان بۇيۇمنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىش جەريانىنى بىلسە، ئۇنى بەكمۇ قەدىرلەيدۇ: بىلمىسە، بىلىشكە قىزىقىدۇ ـ دە، بىلگەندىن كېيىن تېخىمۇ قەدرىگە يېتىدۇ. بىر كىتابنىڭ كىتاب بولۇپ چىقىش جەريانىنى بىلسەك، كىتابقا بولغان تونۇشىمىز شۇنچە ئاشىدۇ، مۇھەببىتىمىز يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ.

ئەسەرنىڭ بولۇشى كىتاب بولۇپ چىقىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئەسەر بولمىسا كىتابمۇ بولمايدۇ، ژۇرنالمۇ چىقمايدۇ. مەيلى قايسى ساھەگە تەۋە بولمىسۇن، بىر تېمىنى ئەتراپلىق يورۇتۇپ بەرگەن بىر پۈتۈن ئەسەر بىر كىتاب ياكى بىر نەچچە قىسىملىق كىتاب بولۇپ چىقىدۇ؛ مەلۇم ئاپتورنىڭ گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرى، ھېكايە ـ شېئىرلىرى تاللىنىپ توپلام قىلىنسا، ئۇمۇ بىر كىتاب بولىدۇ.

بۇ يەردە قىسقىچە بىر چۈشەنچە بېرىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، خېلى كۆپ كىشىلەر نەشرىياتتا ئىشلەۋاتقانلارنى «سىلەر كىتاب چىقىرىسىلەر ـ ھە» دېيىشىدۇ. بۇ يەردە مۇنداق بىر پەرق بار: نەشرىياتتىكى خادىملار ئاپتورلار ئەۋەتكەن ئەسەرلەرنى نەشرىيات تەلىپى بويىچە تەھرىرلەپ تەق قىلىپ بېرىدۇ. باسما زاۋۇتلىرى ئۆزلىرىگە يوللانغان شۇ ئەسەرنىڭ تەق قىلىنغان ئورىگىناللىرىنى بېسىپ، تۈپلەپ كىتاب قىلىپ چىقىرىدۇ، ژۇرناللارمۇ شۇنداق.



نەشرىيات تەلىپىگە يەتكەن ئەسەر كىتاب بولۇپ چىقىدۇ. نەشرىيات تەلىپى دېگەندە، ئاساسەن ئاپتور ئەۋەتكەن ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن بەدىئىي قۇرۇلمىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ تەلەپكە يەتمىگەن ئەسەر قايتۇرۇلىدۇ ياكى ئاپتورنىڭ قايتا تۈزىتىپ بېرىشىگە تەۋسىيە قىلىنىدۇ. بۇنىڭدا بىر نەچچە ئەھۋال بار:

كۆپ ئەسەر يازغان، بۇ جەرياندا قەلىمى پىشقان ئاپتورلار ئەۋەتكەن ئەسەرلەرنى نەشرىگە تەييارلاش (كىتاب قىلىپ چىقىرىش)ئانچە كۆپ تەلەپ قىلىپ كەتمەيدۇ. يەنە، كۆپ ئەسەر يازمىغان بولسىمۇ، تىلغا پىششىق، يېزىشنىڭ يولىنى بىلگەن ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىمۇ مۇھەررىرلەرنى ئانچە قىيناپ كەتمەيدۇ. شۇنداق ئەسەرلەرمۇ يېزىلىدۇكى، مۇھەررىرنىڭ قىزىل قەلىمى تەگمەيلا نەشرىگە يوللىنىدۇ، لېكىن مۇنداق ئەسەرلەر كەم ئۇچرايدۇ.

بىر قىسىم ئەسەرلەر كۆپ جەھەتتىن نەشرىيات تەلىپىگە يېتىدۇ، بىراق ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ۋە قۇرۇلمىسىدا ئۆزگەرتمىسە، تۈزەتمىسە بولمايدىغان يەرلىرى بولىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەردىكى نۇقسان يېنىك بولسا، مۇھەررىر ئاپتور بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن ئۆزىلا تۈزىتىپ ماڭىدۇ. نۇقسان كۆپرەك بولسا، ئاپتورنىڭ ئۆزىنىڭ تۈزىتىپ بېرىشىگە قايتۇرۇلىدۇ.

يەنە شۇنداقمۇ ئەسەرلەر بولىدۇكى، مەزمۇنى ياخشى بولسىمۇ قۇرۇلمىسى تەلەپتىن يىراق بولىدۇ. نەشرىيات ئورۇنلىرى كىتاب چىقىرىش بىلەنلا بولۇپ كەتمەي، ئاپتورلارنى تەربىيىلەشنىمۇ مەقسەت قىلغانلىقتىن، مۇنداق ئەسەرنىڭ ئاپتورىغا پىكىر - تەلەپلىرىنى قويىدۇ ھەم شۇ ئەسەرنى كۆرۈپ چىققان مۇھەررىر ئۆزىنىڭ كۆپ ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ، ئاپتورنىڭ شۇ ئەسىرىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

بىر ئەسەرنىڭ مەيلى چوڭ ياكى كىچىك ھەجىمدىكى بولسۇن ـ ۋۇجۇدقا چىقىش - چىقماسلىقىدا مۇھەررىرنىڭ رولى چوڭ بولىدۇ، ئۇنى ھەل قىلغۇچى رول ئوينايدۇ دېسەكمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مۇھەررىر مەلۇم ئاپتور يازغان ئەسەرنىڭ تۇنجى كىتابخانى ھەم ئۇنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلغۇچىدۇر.

مۇھەررىر ئۆزى تاپشۇرۇپ ئالغان ئەسەرنى ئالدى بىلەن ئوقۇپ چىقىدۇ. شۇ جەرياندا ئۇنىڭ مەركەزلىك ئوي- پىكرى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا قارىتىلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەدىئىي قۇرۇلمىسىمۇ نەزەردىن ساقىت بولمايدۇ. بۇ ئىككى نەرسە مۇھەررىرنىڭ شۇ ئەسەرگە بولغان كۆز قارىشىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئەسەر مۇۋاپىق تېپىلسا، ئاندىن مۇھەررىرنىڭ ئەمگىكى باشلىنىدۇ. بۇ ئەمگەك ئىنچىكە، ئىنتايىن جاپالىق ئەمگەكتۇر.

مۇھەررىر بەزى ئادەملەر ئاغرىنىپ ئېيتقاندەك، بىر ئەسەرنى قىزىل قەلەمدە رەھىمسىزلىك بىلەن بويىغۇچى ئەمەس، ئۆزى خالىغانچە چىقىرىپ ـ قوشۇپ خۇماردىن چىققۇچىمۇ ئەمەس. مۇھەررىر ئۆزىگە شۇنداق بىر كەسىپىي ئەخلاقنى سىڭدۈرگەنكى، ئەسەرنى تەھرىرلەشكە كىرىشىپ كەتكەندە، ئالدىدىكى ئەسەرنى باشقا بىرسى ئەمەس، گوياكى ئۆزى يازغاندەك شۇ ئەسەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ. تەكرار، ئارتۇقچە سۆز - جۈملىلەرنى چىقىرىۋېتىشكە توغرا كەلسە، قايتا - قايتا ئويلىنىپ ئاندىن قەلەم تەگكۈزىدۇ. سۆز قوشۇشقا توغرا كەلسە، كۆڭۈل خەزىنىسىدىكى ئەڭ ئېسىل سۆزلەرنى سېخىيلىق بىلەن چىقىرىدۇ. شۇڭا ئاپتور ئىمارەت سالغۇچى بولسا، مۇھەررىر ئۇنى بېزىگۈچىدۇر.

ئەسەرنى تەھرىرلەپ چىقىش جەريانى، ئۇنى ئىككىنچى قېتىم كۆرۈش جەريانىدۇر. بۇ قېتىمقى كۆرۈش ئىنتايىن ئىنچىكىلىك ۋە ئەستايىدىللىقنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ يەردە شۇنىمۇ دەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ھەممىلا ئادەمنىڭ خېتىنىڭ سۆڭگىكى چىرايلىق بولۇۋەرمەيدۇ. ئەسەر يېزىش ۋە تەھرىرلەش يېزىق بىلەن بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، خەت سۆڭگىكىنىڭ چىرايلىق بولۇش - بولماسلىقىمۇ، مۇھەررىرلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان بىر ئىش. بەزى ئاپتورلارنىڭ خېتىنى ئۆزىدىن باشقا ئادەم راۋان ئوقۇپ كېتەلمەيدۇ. مۇھەررىر ئەنە شۇنداق خەتنىمۇ ئوقۇشى، ئوقۇيالمىسا ئەتراپىدىكىلەردىن سورىشى كېرەك. مۇنداق ئەسەرلەر تەھرىرلەنگەندىن

كېيىن ئورىگىنال بويىلىپ كېتىدۇ. دە، خېتى چىرايلىق، ئىملاسى توغرا ئادەملەرگە كۆچۈرتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ مۇھەررىر ئۈچۈن ئارتۇقچە جاپا بولۇپ، ئەسەر كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلارنىڭ چۈشۈپ قالغان ـ قالمىغانلىقىغا، تەھرىرلەنگىنى بويىچە كۆچۈرۈلگەن. كۆچۈرۈلمىگەنلىكىگە ئىشىنىش ئۈچۈن، مۇھەررىر ئۇنى ئەسلى ئورىگىنالىغا سېلىشتۇرۇپ، ئۈچىنچى قېتىم ئوقۇپ چىقىدۇ ۋە بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، لازىم تاپقان بەزى ئۆزگەرتىشلەرنى قىلىۋالىدۇ. ئەسەرنىڭ تەھرىرلىنىشىگە تولۇق ئىشەنچ تۇرغۇزغاندىلا، ئاندىن نەشىر ھوقۇقى بېتىگە «مەسئۇل مۇھەررىرى×××»دەپ ئىسمىنى يېزىپ، ئەسەرنى مەتبەئەگە يوللايدۇ.

«مەسئۇل مۇھەررىرى» دېگەن سۆز مۇنداقلا يېزىپ قويۇلىدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇ شۇ ئەسەرنىڭ جاۋاب قىلغۇچىسىدۇر. ئەسەر كىتاب بولۇپ جەمئىيەتكە تارقالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا مەسىلە بارلىقى (كۆپىنچە ئەھۋالدا مەزمۇنىدا) بايقالسا، مەسئۇلىيەت ئالدى بىلەن مەسئۇل مۇھەررىرنىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ.

ئەسەر مەتبەئەگە يوللانغانلىق بىلەنلا ئىش تۈگىگەن، ئەسەر كىتاب بولۇپ چىقىپ كەتكەن بولامدۇ؟ ياق.

باسما زاۋۇتى ئەسەرنىڭ ئورىگىنالىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ھەرپ بىلەن تىزىپ ياكى كومپيۇتېردا ئۇنىڭ دەسلەپكى كوررېكتور نۇسخىسىنى چىقىرىپ تەھرىر بۆلۈمىگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ. باسما زاۋۇتلىرىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خاتاسى تۈزىتىلگەن، پاكىز كوررېكتور نۇسخىسىغا «بېسىلسا بولىدۇ» دېگەن قولى قويۇلماستىن ئىلگىرى، شۇ ئەسەرنى ئۆز ئالدىغا كىتاب قىلىپ بېسىش ھوقۇقى بولمايدۇ. ئۇنداق بولسا كوررېكتور نۇسخىسىدىكى مەزمۇن ۋە ئىملا خاتالىقلىرىنى كىم تۈزىيدۇ؟ مەسئۇل كوررېكتور تۈزىيدۇ.

كوررېكتور بىر ئەسەرنىڭ سۈپەتلىك كىتاب بولۇپ چىقىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەسئۇل كوررېكتور ئالدى بىلەن باسما زاۋۇتى ئەۋەتكەن دەسلەپكى كوررېكتور نۇسخىسىنى، ئەسلىدىكى ئورىگىنالىغا سادىق بولغان ھالدا، ئۇنىڭدا چۈشۈپ قالغان يەرلەرنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىر- بىرلەپ سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندىن باشقا، بېكىتىلگەن ئورتاق تىل ۋە ئىملا بويىچە تۈزىيدۇ. مۇرەككەپ فورمۇلىلار، كاتەكچىلىرى كۆپ جەدۋەل ۋە كاتەكچىلەردىكى ئۇششاق ھەرپ بىلەن تىزىلغان سۆزلەر، رەسىملەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، رەسىم سۆزلىرى، ئىزاھاتلار، نەشىر ھوقۇقى بېتىدىكى يېزىشقا تېگىشلىك سۆزلەر...نىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ نەزەرىدىن بىرمۇبىر ئۆتىدۇ. پىشقان، تەجرىبىلىك كوررېكتورلار ھەتتا مەسئۇل مۇھەررىر بايقىيالمىغان نۇقسانلارنى سېزىپ، ئۇنى مەسئۇل مۇھەررىرگە ئېيتىپ تۈزەپ كېتىدۇ.

ئەگەر زاۋۇت ئەۋەتكەن كوررېكتور نۇسخىسىدا خاتالىق كۆپ بولسا، مەسئۇل كوررېكتور باسما زاۋۇتىنىڭ قايتا تۈزەپ ئەۋەتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە تۈزىتىپ قايتۇرغان كوررېكتور نۇسخىسىنى يېڭىۋاشتىن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ چىقىدۇ. خاتالىقلار ھەقىقەتەن ئەستايىدىل تۈزىتىلگەن بولسا، مەسئۇل كوررېكتور تۈزىتىلگەن بۇ كوررېكتور نۇسخىسىنى مەسئۇل مۇھەررىرنىڭ كۆرۈپ چىقىشىغا تاپشۇرىدۇ. بۇ مەسئۇل مۇھەررىر ئۈچۈن، ئەسەرنىڭ تەھرىرلىنىشى ۋە كوررېكتورلۇقىغا تولۇق ئىشەنچ تۇرغۇزۇشىدىكى ئاخىرقى پۇرسەت بولۇپ، خالىسا ئەسەرنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىپ، خامراق تەھرىرلەنگەن جايلارنى تۈزىسە، مەسئۇل كوررېكتور دىققەت قىلمىغان يەرلەرنى كۆرسىتىپ بەرسە بولىدۇ. باسما زاۋۇتلىرى ئۇنىڭ كۆرسىتىپ بەرگىنى بويىچە تۈزىتىلگەن يېڭى كوررېكتور نۇسخىسىنى ئەۋەتىپ بېرىدۇ؛ ئىشەنچ تولۇق بولسا، ئارىلاپ تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئەسەرنى بېسىشقا بولىدىغانلىقىغا قوشۇلۇپ ئىمزاسىنى قويىدۇ. باسما زاۋۇتى مەسئۇل مۇھەررىر قول قويغان كوررېكتور نۇسخىسىدىكى قىسمەن خاتالارنى تۈزىگەندىن كېيىن، ئۇنى كىتاب قىلىپ بېسىپ چىقىرىدۇ.

بىر كىتاب ياكى ژۇرنال مانا مۇشۇنداق قايتا- قايتا كۆرۈش، قايتا تەھرىرلەش، كوررېكتور نۇسخىلىرىنى قايتا ـ قايتا كۆرۈپ سېلىشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىنچىكە، جاپالىق ئەمگەكتىن كېيىن ئاندىن كىتاب بولۇپ چىقىدۇ.(08)

(ئابلىز خوجامنىياز سۆرىتى)

# كەشپىيات ھەققىدە قىزىقارلىق پاراڭلار

★ پەرھات تۇرسۇن ★

0 2 - ئەسىردىكى ئىنسانلار تۇرمۇشىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن 10 چوڭ كەشپىياتنىڭ بىرىنچىسىنى ئىھتىمال بەزىلەر تېلېۋىزور ياكى ئالەم كېمىسى، سۇنئىي ھەمرا ياكى ئاپتوموبىل ياكى بولمىسا كومپيۇتېر بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئەڭ چوڭ كەشپىيات بۇلار بولماستىن، بەلكى بىز تۇرمۇشىمىزدا نەزەرىمىزگە ئىلىپ قويمايدىغان سىرتمىدىن ئىبارەت.

△ ئەينى يىللىرى، ئامېرىكىدىن ياۋروپاغا مال يۆتكىگەندە پاراخوت سەپىرىدە چاقماق قەنت نەملىشىپ زور قىسمى كاردىن چىقىپ كەتكەن. ئامېرىكىلىق بىر ياش مال قاچىلانغان يەشىككە 1 تۆشۈك تېشىشنى كەشپ قىلغان. بۇ تۆشۈكتىن شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان بولغاچقا، چاقماق قەنت نەملىشىپ بۇزۇلۇپ كەتمەيدىغان بولغان. ھېلىقى ياش بۇ كەشپىياتى ئارقىلىق 1 مىليون دوللارغا ئېرىشكەن.

△ ئامېرىكىلىق جوسې دىگەن پادىچى بالا قوي بېقىۋاتقاندا، قويلارنىڭ ھېچقانداق گۈللۈكنى بۇسۇپ ئۆتۈپ زىرائەتلىككە كىرىپ كەتمەيدىغانلىقىنى، ھەمىشە ئايلىنىپ ئۆتىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ قويىنىڭ گۈلنىڭ تىكىنىدىن قورققانلىقىدىن بولغانلىقىنى بايقاپ، تىكەنلىك سىمنى كەشپ قىلغان. كېيىن ئۇ باشقىلار بىلەن شېرىكلىشىپ مەخسۇس تىكەنلىك سىم ئىشلەيدىغان زاۋۇت قۇرغان، كېيىن بۇنى ھەربىي ساھەگىچە كېڭەيتكەن. ئۇ بۇ ئارقىلىق شۇنچىلىك بېيىپ كەتكەنكى، ئۇنىڭ مال- مۈلكىنى 11 بوغالتىر 1 يىلغا يېقىن ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئاران ھېسابلاپ چىقالىغان.



△ ئامېرىكىلىق نامرات رەسسام لىپمان قېرىنداشىنىڭ ئۇستىگە ئۆچۈرگۈچنى چاتسا بېزىش- ئۆچۈرۈشكە قولايلىق بولىدىغانلىقىنى بايقاپ، ئۆچۈرگۈچلۈك قېرىنداشنى كەشپ قىلىپ، پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن، كېيىن ئۇ بۇ پاتېنتنى «RABAR» (رابار)قېرىنداش ياساش شىركىتىگە 550 مىڭ دوللارغا ئۆتۈنۈپ بېرىپ، قالتىس بېيىپ كەتكەن.

△ بىر ياپونىيىلىك ئۇستىگە ھەر خىل ئۆچۈر ۋە ساۋاتلار بېسىلغان تازىلىق قەغىزىنى ئىجاد قىلغان. بۇ خىل تازىلىق قەغىزى ئىستېمالچىلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىپ كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىلغان.

△ ئامېرىكىلىق مارىك تۇۋېن بەلتاسمىنى كەشپ قىلغان، بۇ ئامېرىكا تارىخىدىكى 25 داڭلىق پاتېنتنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

كەشپىيات، ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ خىيالىدىكىدەك ئۇنچىلىك سىرلىق نەرسە ئەمەس. ھەرقانداق كىشى ئەگەر تۇرمۇشنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، ئۇنىڭدىن كەشپىيات تېمىلىرىنى تېپىشقا ماھىر بولۇپ، قىيىنچىلىق - مەغلۇبىيەت ئالدىدا باش ئەگمەي، ھارماي - تالماي ئىزدەنسە كەشپىياتچى بولالىشى تامامەن مۇمكىن، تاۋشىگچى ئەپەندى: «ھەممە كىشى ئىجادكار، ھەممە جاي ئىجادىيەت سورۇنى، ھەممە ۋاقىت ئىجادىيەت پەيتى» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان.

دوستۇم، سىزمۇ كەشپىياتچى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانسىز؟ ئەمەلىيەتتە سىزمۇ كەشپ قىلالايسىز، ھەتتا پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئېلىشىڭىزمۇ تامامەن مۇمكىن. بۇ پەقەت ئۆز تىرىشچانلىقىڭىزغا باغلىق ئىش. قېنى، سىزمۇ ئۇرۇنۇپ كۆرۈڭ! (07)

## خىزمەت، سەن قانچىلىك نېمىتىڭ

★ ئەسقەر داۋۇت ★

(بېشى ئالدىنقىساندا)

تارىخ ئالدىن بىشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ پاراستى ۋە جاسارىتى بىلەن ھەقىقىي ماھىيەتكە ۋە ئىچكى مەنا كۆچىگە تويۇنۇپ بارىدۇ. ئىنكاسسىز ئادەملەرنىڭ سەھنىگە چىقىپ قېلىشى تۈپەيلىدىن، تارىخ ئاقىلانە ئاگاھلاندۇرۇشلاردىن، خاسىيەتلىك تاللاشلاردىن مەھرۇم قالىدۇ. ئۆز ئەتراپىدىكى، ھەر بىر پەيت ۋە مەزگىلدىكى ماددىي مەۋجۇدىيەتلەر ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈلمىنىڭ ھىدى، تەمى ۋە رەڭگىدىن تارىخنىڭ ئىشتىھاسىنى، تارىخ ھارۋىسىنىڭ قانداق ھەرىكەت ۋە يۆنىلىشتە بولىدىغانلىقىنى قىياس قىلالماسلىق، شۈبھىسىزكى، ئىنسانىي خاراكتېرنى ۋە ئىنسانىي ئاڭنى بەرباتلىققا ئېلىپ بارىدۇ.

ئادەم ئالەمنىڭ مەركىزى، ئىنسان ۋۇجۇدى كائىناتنىڭ يادروسىدۇر. بەجايىكى، ئادەمنىڭ ئالەمدىكى ئورنىنىڭ مۇھىم ۋە تەخىرسىزلىكىگە ئوخشاش، ئىنسانىنىڭ بەخت ـ سائادىتىمۇ ئىنسان ئۈچۈن ئوخشاشلا ئىنتايىن زۆرۈر ۋە تەخىرسىزدۇر. ھاياتلىقنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى ۋە ئاساسىي مىلودىيىسىمۇ ماھىيەتتە ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى يارىتىش مەۋقەدە داۋام قىلىدۇ.

ئۇنداقتا بەخت دېگەن نېمە؟

شۈبھىسىزكى، ئۇ ئىنساننىڭ، ئىنسانىيەتنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى پاراغىتىنىڭ مەھسۇلى.

ئۇنداقتا، قانداق قىلغاندا بەختكە ئېرىشكىلى بولىدۇ؟

نەچچە مىڭ يىللىق ھاياتلىق لەگلىرىمىزدە بىزنىڭ شانۇ ـ شەۋكەتلىك ئەجدادلىرىمىز ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئەقىل ـ پاراستى ۋە قەيسەر ـ پىداكارانە روھى بىلەن بارچە ئىقلىم تاڭ قالغان مەدەنىيەت سەلتەنىتى يارىتىپ ۋە چەكلىك دائىرىدە دۇنيانى تىزگىنلەپ، «بەخت» ئۇقۇمىنى ئەڭ دەسلەپىدىلا مۇكەممەل، بارلىق سۈپەت، مەنىلىرىگە تويۇنغان ھالەتتە ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن شەرھلىيەلىگەن ۋە ئۇنىڭ ۋىسال تەپتىدىن ھوزۇر سۈرەلىگەنىدى. ئۆزىنىلا ئەمەس، ئۆزگىلەرنىمۇ، ئۆز ئەتراپىدىكى ئەللەر ۋە ئىرقلارنىمۇ «بەخت» چېگرىسى ئىچىگە مەردۇ ـ مەردانىلارچە سۆرەپ كىرگەن، ئۇلارغا بەخت مېۋىسىنى تېتىتقانىدى.

دېمەك، باتۇر، قەيسەر، پىداكارانە روھى ۋە ئاجايىپ جەڭ ماھارەتلىرى بىلەن، ئۆزلىرىدىكى ئىلاھىي ئىمكانىيەت ۋە ئىنسانىي كامىللىقنىڭ ئىجراسى تەپتىدە ئالەمشۇل مەدەنىيەت، سەنئەت ئىختىرالىرىنى روياپقا چىقىرالىغىنىدەك ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن بىزنىڭ نامى ئۆلمەس، بۈيۈك ئەجدادلىرىمىز «بەخت» نىڭ ھەقىقىي كېلىش مەنبەسىنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدا، ئۆزىدە ئىكەنلىكىنى



ئاڭلىق رەۋىشتە، شەرتسىز مۇئەييەنلەشتۈرەلىگەنىدى. ئەپسۇس، ئەپسۇس! يېقىنقى 500 يىللىق مۇساپىدىن باشلانغان ئەسلىنى ئۇنتۇش، ئۆزلۈكنى يوقىتىش سەپىرىدە بىز ئۆز ۋۇجۇدىمىزنىڭ مىسلىسىز خاراباتلىرى ۋە مۇسىبەتلىك داۋانلىرى ئۈستىدە خاموش، نېرۋىنلارچە سۈكۈتكە پاتتۇق. ۋۇجۇد ئالىمىمىزنىڭ جەزبىدار، مەپتۇنكار قىياپىتىدىن، ئىجادچان خاسىيىتى، مۆجىزاتلىق ھاسىلاتلىرىدىن ئايرىلىپ قالدۇق. ۋۇجۇد ئالىمىمىز قۇرۇق، كاۋاك، مېڭە ئىقتىدارىمىز ئىنكاسسىز، مۇجمەل، ئىش- ھەرىكىتىمىز چۈشىنىكسىز، نەتىجىسىز ھالەتتە ئايان بولدى. شۇ ۋەجىدىن، ئۆز بەخت - سائادىتىمىزنى، رىسقى - نېسىۋىمىزنى ئۆزگىلەردىن، باشقىلارنىڭ خەيرى - ساخاۋىتىدىن، غەيرىي كۈچلەردىن، تەركىي دۇنياچىلىق، مازايى - ماشايىق ۋە چۆل- باياۋانلاردىن كۈتىدىغان پىسخىك قۇرۇلما روھىيەت ئالىمىمىزدە ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتتى. بەخت- سائادەت شولىسى بىلەن ۋۇجۇد نۇرىمىز بىرلىكىنىڭ، ئوچۇقراغى، بەخت - سائادەت بىلەن ۋۇجۇد ئالىمىمىزنىڭ مۇستەھكەم دىئالېكتىك بىرلىكىنىڭ قانداق ئايرىلىپ تاشلانغىنىنى بىلمەي قالدۇق.

1949- يىلى شەرقتە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندا بولسا، بىز شەرتسىز يوسۇندا جۇمھۇرىيەت پۇقراسلىق سالاھىيىتىمىزنى ئېتىراپ قىلغان ھالدا، جۇمھۇرىيەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتى ئۈچۈن تەر تۆكۈشنى ئالىي بۇرچ ۋە باش تارتماس مەسئۇلىيەت دەپ تاللىۋالدۇق. شۇندىن بۇيان ماركسىزمنىڭ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ كوللېكتىۋىزملىق تەشەببۇسى بىزنىڭ روھىيەت بوشلۇقىمىزغا كىردى ۋە مۇئەييەن كۆلەمگە ئىگە بولدى. كوللېكتىپ ئۈچۈن ئىشلەش، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىش، «كوللېكتىپنى بىرىنچى، ئۆزىنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇش»تىن ئىبارەت يۈكسەك ئىنسانپەرۋەرلىك نامايان قىلىنغان تەشەببۇس بىزدە، بىزنىڭ ئالىي قاتلىمىمىز ۋە ئەمەلىي پائالىيىتىمىزدە ناھايىتى تېز ئۈنۈمگە ئېرىشتى. روشەنكى، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان ئەينى يىللاردىكى مۇستەھكەم سىياسىي بىرلىك ۋە ئىچكى سىياسىي كۈچ، «ئىدىيە - ھەرىكەت ئۆلچىمى»، شۇنداقلا بىرنەچچە 10 يىللىق مۇساپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغان پىلانلىق ئىگىلىك ۋەسۋەسلىرى ئۆزگىچە نازاكەت ئىسكەنجىدە گراژدانلارنىڭ رىسقى - نېسىۋە، بەخت- سائادەت ئېڭىنى ئاشكارا يوسۇندا ئۆزىگە باغلاپ قويغانىدى. مۇقەررەركى، بۇ كەڭ خەلق ئىدىيىسىدە «خىزمەت دېمەك - بەخت دېمەك»، «بەخت دېمەك- شتات دېمەك» دېگەندەك بىنورمال ھالەت ۋە بىنورمال كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈپ قويغانىدى.

«خىزمەت دېمەك - بەخت دېمەك»، «بەخت دېمەك - شتات دېمەك»، شتات نوپۇز، شتات مەڭگۈلۈك نېسىۋە، ئەبەدىيلىك سالاھىيەت. مانا بۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ خىزمەتنى ئۇلۇغلاش روھىي ھالىتىگە شاھىد بولۇۋاتقان ئەڭ ئەقەللىي ئىبارە. شۇنداق، بۇ ئىبارە 50 - يىللاردىلا داغدۇغا بىلەن جۇلالاپ، تاكى 90 - يىللارغىچە، ھەتتا بۈگۈنگىچە جۇڭگولۇقلارنىڭ، جۈملىدىن بىز ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش قارىشى، ھاياتلىق قارىشى، شۇنداقلا قىممەت قارىشىنى ئىزچىل تۈردە ئۆزىگە مايىل قىلىپ كەلدى. خىزمىتى يوقلار بىلەن خىزمىتى بارلار ئوتتۇرىسىدا بىر شەكىلسىز سېپىل پەيدا بولدى. خىزمىتى يوقلار خىزمىتى بارلارنىڭ ئەمەلىي نوپۇزى ۋە سالاھىيىتى ئالدىدا سۈكۈت قىلىشقا، ئۇلارنىڭ ھەر خىل كەمسىتىشلىرىنى ئىلاجسىز قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرى بولدى. شتاتسىزلار ئۆزلىرىنىڭ بىتەلەي، شور پېشانىلىكىگە تەن بېرىپ دېمىنى ئىچىگە يۇتسا، ئاتالمىش «شتاتلىق» سەلتەنەت ئىگىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ۋاقىتلىق رىسقى- نېسىۋىسىدىن شىر كەيپ بولۇپ تەكەببۇرانە قىياپەتتە ئەل ئارىسىدا مەيدىسىگە مۇشتلاپ يۈرۈشتى. شتات ئىگىلىرى ئۈچۈن شۇنچە كەڭ، تەكشى، داغدام يوللار خىزمەت سىرتىدىكى شور پېشانىلەر كۆز ئالدىدا شۇنچە قىسىلچاق، تېيىلغاق ۋە كاتاڭ شەكىلدە ئايان بولدى.

ھۆكۈمەت خىزمىتى ياكى مۇقىم شتاتلىق خىزمەت تەبىئىي يوسۇندا كىشىلىك قەدىر - قىممىتى، ھۆرمىتى ۋە نوپۇزىنى ئايرىشتىكى شاھادەتنامە بولۇپ قالدى. ئومۇمەن، خەلقىمىزنىڭ خىزمەتنى ئۇلۇغلاش، خىزمەتنى بەختكە تەققاسلاش كەيپىياتى ياكى ئەسەبىي خىزمەت ئېتىقادچىلىقى ئەينى يىللاردىكى ئىچكى سىياسەت كۈچىنىڭ، ئۆزگىچە ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنىڭ، شۇنداقلا پۇقرالارنىڭ ئۆزگىچە پىسخىك ھالىتى، تار، قاتمال ۋۇجۇد قۇرۇلمىسىنىڭ يەكۈنى، ئىنكاسى ئىدى.

ئەپسۇس، ئەپسۇس...

ھەقىقەت ئاچچىق بولىدۇ، ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ئاچچىقكى، ئۇنى دەسلەپ بايقىغانلارنىڭ ھاياتى شورغا مەھكۇم بولىدۇ، ئۇنى ئېتىراپ قىلمىغانلارنىڭ تۆلىگەن بەدەللىرى تېخىمۇ كۆپ ۋە مۇشەققەتلىك بولىدۇ.

بىز بەربات بولغان ئەقىل ۋە ئاقىللارنىڭ قەبرىسىگە ئابىدە تىكلەۋاتقاندا، ئىقتىسادىي قانۇنىيەت ئاڭ فورمىسىنىڭ ئەسەبىيلىكىگە تامامەن يات ھالدىكى بىر مەھسۇلاتنى يېتىشتۈرۈپ چىقىۋاتاتتى. يەر شارى خاراكتېرلىك ئىقتىساد ۋە ئىچكى ئىقتىسادىي يۈرۈشمە كىشىلەرگە بۇرۇنقىدەك سىياسەت كۈچى، مۇھىمى پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ئاسارىتىدە ياشاۋېرىشنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر گۈزەل ئەتە ۋە پارلاق كېلەچەك ئېلىپ كېلەلمەيدىغانلىقىدىن ئالدىن بىشارەت بېرىپلا قالماي بەلكى يەنە كونىچە ئاڭ فورمىسىنى دەرھال چۆرۈپ تاشلاشنىڭ زۆرۈر ۋە تەخىرسىزلىكىنىمۇ ھېس قىلدۇرغانىدى.

- شتات ئىگىسى بولۇش ئۈچۈنلا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان ئەمەسمەن، ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ كارايىتى چاغلىق، مەن خىزمەت سىرتىدا تۇرۇپمۇ ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىدىن ياخشى، ھەتتا بىرنەچچە ھەسسە ياخشى تۇرمۇش كەچۈرەلەيمەن، - مەن بۇ يىگىتنىڭ زېرەك، جۇشقۇن سۆزلىرىدىن، كۆتۈرەڭگۈ، ئۈمىدۋار روھىي ھالىتىدىن تولىمۇ سۆيۈنىمەن. ئۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگىنىگە ئەمدىلا 2 يىل بولغان بولسىمۇ ھازىرقى ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئۆزى بىلەن تەڭ قورامىلىق ھەر قانداق بىرمىلەندىن ياخشى. ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا ئۆزىنىڭ چەت ئەل تىلى كەسپىي ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، بوش ۋاقىتلىرىدا چەت ئەللىكلەرگە تىلماچلىق قىلىپ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىنى ئۆزى ھەل قىلغان. ھەتتا يىراق سەھرادىكى جاپاكەش دېھقان ئاتا - ئانىلىرىغىمۇ ھەر ئايدا تېگىشلىك ھەق ئەۋەتىپ ئاتا - ئانىسىنىڭ دۇئاسىغا ئېرىشكەن. ئۇ ھازىر بىر رېستوراننىڭ ئىگىسى، ھەر ئايدا رېستوراندىكى 13 قىز - يىگىتكە قانائەتلىنەرلىك دەرىجىدە مائاش، مۇكاپات بېرەلەيدۇ. ئۆزى يەنە يېقىن قوشنا ئەللەر ئارىسىدا ئۈنۈۋېرسال تىجارەت قىلىدۇ. ھەر ئايلىق ساپ كىرىمى 30 مىڭ يۈەندىن چۈشمەيدۇ. شۇنداق، بۇ بايلىق ئىگىسىگە كىچىكىدىن باشلاپلا سىڭگەن، «شتات ئالتۇن تاج ئەمەس»، «ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتى ئەبەدىيلىك باقىۋەندە ئەمەس» دېگەن ئىدىيە ئەمدىلىكتە ئۇنىڭغا ئالتۇن تاج ئىنئام قىلغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كىشىلەر ئاسان قوبۇل قىلالمايدىغان يوچۇن ئىدىيىسى ۋە قىلمىش- ئەتمىشلىرى بىلەن ئۆزىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە ئوخشاش 13 ئىشسىز ياشنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، جەمئىيەت، ھۆكۈمەت ئۈچۈن تەھدىت بولۇۋاتقان ئىشسىزلىق مەسىلىسىنى ئازايتىشقا تېگىشلىك ھەسسە قوشتى. بۇ ئەقلى ئويغاق يىگىتنى قانداقمۇ ھۆكۈمەت ئۈچۈن خىرىس، پارتىيە ئۈچۈن زەھەرلىك ئۆسمە دېگىلى بولسۇن!

- چەت ئەللەرگە تىجارەتكە بارغان دەسلەپكى چاغلاردا، چەت ئەللىك پۇقرالارنىڭ ئۆز جايلىرىدىكى ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنى

«ئاقىنانچىلار، بىكار تەلەپلەر» دەپ كەمسىتكىنىنى ئاڭلاپ غەيرىلىك ھېس قىلغان، ھەتتا چۆچۈپ كەتكەنىدىم. ئەمەلىيەتتە بۇنى سەۋرچانلىق بىلەن ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈشكە توغرا كەلدى.

بۇ ئۇزۇن يىل چەت ئەللەردە تىجارەت قىلغان، بىر مۇنەۋۋەر، مەرىپەتپەرۋەر يەككە تىجارەتچىنىڭ سۆزى.

نىتزى: «باشقىلارغا بولغان مۇھتاجلىقىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئاجىزلىقىدىندۇر»، «ئۆز بەخت تەلىيىنى، ئۆز رىسقى نىسىۋىسىنى باشقىلاردىن كۈتۈشتىنمۇ ئارتۇق بىچارىلىق يوق» دەپ كېسىپ ئېيتسا، «ئەي نادان، ئۆزۈڭ ئۆزۈڭگە تەگرىدۇرسەن» دەپ قاتتىق خىتاپ قىلىدۇ جالالىدىن رۇمى. ساترى: «مەۋجۇدىيەتنىڭ ئۆزى ئىمتىياز، بايلىق دېمەكتۇر» دەپ كۆرسەتمە بەرسە، «ئۆز بەختىڭ ئۆز قولۇڭدا، بەخت تاپ، بەخت ئاچقۇچىنى قولۇڭغا ئال» دەيدۇ شەمشىدىن تەبرىزى.

— ھېلىغىچە ھۆكۈمەتنىڭ مۇقىم شتاتى ئۈچۈن جوزا - بەندىگىنىڭ قۇلى بولۇپ ياشاۋاتقان سۆرەلمىلەرگە ھەيرانمەن. ئۇلار ھۆكۈمەت ئۈچۈنمۇ، جەمئىيەت ئۈچۈنمۇ زور بېسىم ۋە يۈك. ناۋادا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قالسا ئۇلارنىڭ ھاياتلىق شامى ئۆچىدۇ، بەختى قۇرۇيدۇ.

مانا بۇ شەھەر ھاۋاسىدىن خالى، تەكلىماكاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پارچە بوستانلىقلاردا چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بىر ساۋاتسىز چارۋىچىنىڭ خىزمەت ھەققىدىكى ئاددىي، شۇنداقلا ئۇلۇغ بايانى.

## خاتىمە ئورنىدا

«دەلتىلەرنىڭ جەننىتى، ئاقىللارنىڭ دوزىخى».

توماس فوللى توغرا ئېيتىدۇ. ئۇزۇن يىل نادانلىق، ساۋاتسىزلىق پاتقىقىغا پاتقان ھەقىقەت ئەمدى ئاقىل قوللارنىڭ، ئاقىل ئىدىيىلەرنىڭ يېتەكلىشىگە موھتاج.

توماس فوللى توغرا ئېيتىدۇ، ئەمدى سۆكۈت قىلىشقا بولمايدۇ. زاماننىڭ ۋىجدانى ئۇنى كۆتەرمەيدۇ. زامان ھادىسىلىرىگە، ئىجتىمائىي، سىياسىي پەدىلەرگە ئاكتىپ پىكىر قاتناشتۇرۇش يولىرىلار، ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئورتاق ھەل قىلىدىغان مەسىلىگە ئايلاندى. ھەر كىم ئۆز تەقدىرىگە، ئۆز ئەقلىگە، ئۆز بەختىگە ئۆزى رېژىسسورلۇق قىلىدىغان دەۋر يېتىپ كەلدى. نادانلىق، ساۋاتسىزلىقنىڭ بۈيۈك ئىختىراسى بولمىش ئاتالمىش شتاتلىق «تۆمۈر تاۋاقلىقلار» قەسرى بىلەن، يەنە ئاتالمىش شتات سىرتىدىكى «شور پېشانىلەر» باياۋىنىنىڭ ئارىسىدىكى شەكىلسىز «بېرلىن تېمى» چېقىپ تاشلىنىپ، ھەر ئىككى دائىرىنىڭ يولىرىلىرى ئۆز كۈچى، ئۆز ئەقلى بىلەن ئەركىن رىقابەتكە قاتنىشىدىغان، ئۆز تەقدىرىنى، ئۆز بەختىنى يارىتىدىغان دەۋر ۋاستە تەلەپ قىلمايدىغان شەكىلدە يېتىپ كەلدى.

خىزمەت، خىزمەت، سەن ئەمدى نادانلارنىڭ، ئىقتىدارسىز قورساق باقتىلارنىڭ ئۆزىنى بېزەيدىغان ئالتۇن تاجى ئەمەس، ياكى سەن ھېچكىمگە ئەبەدىيلىك باقىۋەندە، ئەبەدىيلىك يول خېتىمۇ ئەمەس. سەن پەقەت ۋاقىتلىق سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇۋازىنەتنىڭ، كۈكۈمدىكى خىرەلىشىۋاتقان قۇياشتەك ئالڭ فورمىسىنىڭ مەھسۇلى.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، ژۇرنىلىمىزنىڭ ھەجمى ۋە باشقا تۈرلۈك ئوبيېكتىپ، سۇبيېكتىپ شەرتلەرنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن مەزكۇر ماقالىنىڭ قىسقارتىلما نۇسخىسىنى مۇشۇ ساندا، مۇشۇ يەردە تولۇق ئايىغلاشتۇردۇق. ۋاقىپ بولغايسىزلەركى، مەزكۇر ماقالە پات ئارىدا ئەسلى نامى بىلەن مەخسۇس كىتاب بولۇپ چىقىدۇ. (08)

# بالىلار تەربىيىسى خىزمىتىدە ھېس قىلغانلىرىم

★ ئاسىيەگۇل ئىمىن ★

بالىلار ۋەتىنىمىزنىڭ كېلەچىكى، ئەجدادلارنىڭ ۋارىسى، ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۈمىدى. بالىلار مائارىپى سوتسىيالىستىك مائارىپ ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. بالىلار مائارىپى باشلانغۇچ مائارىپنىڭ ئاساسى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا بالىلار مائارىپىغا ئەھمىيەت بېرىش، بالىلارنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتىنى ئېچىش، ئۇلارنى ساغلام تەربىيىلەش، جەمئىيەتتىكى ھەر بىر شەخس ئۈچۈن رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم ۋەزىپە. 3 ياشتىن 6 ياشقىچە بولغان بالىلارنى جىسمانىي، ئەقلىي ۋە گۈزەللىك جەھەتتىن ئەتراپلىق تەربىيىلەش بالىلار ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى، ئاتا- ئانىلارنىڭ مەجبۇرىيىتى. قانداق قىلغاندا بالىلارنى ئەقىللىق، ساغلام، ئىرادىلىك، ۋەتەننى، خەلقنى سۆيىدىغان قىلىپ تەربىيىلىگىلى بولىدۇ؟ بۇ مەسىلە پۈتۈن جەمئىيەت ۋە بالىلار ئوقۇتۇش ئورۇنلىرى، بالىلار ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ئاتا - ئانىلار كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى.

بىرىنچىدىن، ئەڭ ئالدى بىلەن بالىلارنىڭ ياخشى ئوزۇقلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، تەن ساقلىقنى ئاسراش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ بالىلارنىڭ سالامەتلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئەتراپتىكى مۇھىت تازىلىقنى ياخشىلاپ بالىلارنى تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئاددىي تازىلىق ساۋاتلىرىنى بىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەش، بولۇپمۇ تاماقتىن بۇرۇن ۋە تەرەتتىن كېيىن قولىنى پاكىز يۇيۇش، قولىنى ئۆزىنىڭ لۆڭگىسىگە سۈرتۈشنى دەسلەپكى قەدەمدە ئۆگىتىش، قوشۇقنى توغرا تۇتۇش، خۇشال - خۇرام تاماق يېيىش، تاماقتىن كېيىن ئاغزىنى سۈرتۈش، ۋاقتىدا ئۇخلاش، كىيىملىرىنى رەتلىك كىيىش، رەتلىك قويۇش، ۋاقتى - ۋاقتىدا تىرناقلىرىنى ئېلىپ تۇرۇش، ئېغىز چايقاش، يەرگە قالايمىقان نەرسىلەرنى تاشلىماسلىقتەك تۇرمۇش ئادەتلىرىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، بالىلارنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، يەنى تەنتەربىيە پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ بالىلارنى مېڭىش، يۈگۈرۈش، سەكرەش قاتارلىق ئاساسىي ھەرىكەتلەرنى توغرا ئىشلەيدىغان قىلىپ بالىلارنىڭ ئۆزىدە جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماسلىق، داۋاملىق ئالغا ئىنتىلىشتەك ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈش لازىم.

تۆتىنچىدىن، ئۆزئارا دوستانە ئۆتىدىغان،



ئويۇنچۇقلارنى تاللاشمايدىغان ۋە ئۆزىنىڭ قىلمىغانلىرىنى ئالمايدىغان، ئويۇنچۇق كىتابلارنى ۋە ھەر خىل بۇيۇملارنى ئاسرايدىغان، قائىدە - يوسۇنلۇق سۆزلەرنى ئىشلىتىش، ئۆزئارا سالاملىشىش ۋە خوشلىشىش، باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى رۇخسەتسىز ئالماسلىق، ئائىلىسىدىكى كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدىغان، ئوقۇتقۇچى ۋە چوڭلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدىغان قىلىپ تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

بەشىنچىدىن، باللارنىڭ تىل تەرەققىياتىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. يەنى تىل ئىنسانلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئالاقىلىشىش قورالى بولۇپ، باللار باغچىسىدا باللارنىڭ تىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچى باللارغا ئاممىباپ ئورتاق تىلدا سۆزلەپ، باللارنىڭ ئاغزاكى ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش، سۆز بايلىقىنى ئاشۇرۇشقا، توغرا تەلەپپۇز قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، باللارنىڭ زېھنىي قابىلىيىتىنى ئېچىش يەنى باللارغا مۇزىكا، تىل، ھېساب ۋە باشقا ساۋات، گۈزەل سەنئەت، تەنتەربىيە قاتارلىق تۈرلەرنى ئاساس قىلىپ، دەرس بىلەن ئويۇننى ئۆزئارا بىر - بىرى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ، باللارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن پروگراما بويىچە باللارنى پائالىيەتكە تەشكىللەش، ئۇلارنىڭ بىلىش جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، باغچا باللىرىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشى ئۈچۈن تولۇق شەرت-شارائىت ھازىرلاپ بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. (09)

(ئىسمائىل ئىبراھىم فوتوسى)

## دىئابىت كېسلى قورقۇنچلۇق ئەمەس

ئۈرۈمچى شەھەرلىك داۋان دوختۇرخانىسىدا، شىنىشى ئۆلكىسىدىن ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن كەلگەن داڭلىق دىئابىت كېسلى مۇتەخەسسىسى كېسەل كۆرىدۇ، 5 تۈردە دۆلەتلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن «قەنتنى تۆۋەنلىتىش مەلھىمى»نى كىندىككە چاپلاپ داۋالاشقا بىرلەشتۈرۈپ، ئېغىز قۇرۇشنى تۈگەتىدىغان تۈردىكى دورىلارنى ئىچىشكە بېرىدۇ. سىرتتىن مەلھەم چاپلاپ، ئىچىشكە دورا بېرىپ دىئابىت كېسىلىنىڭ ئېغىز قۇرۇپ كۆپ چاي ئىچىدىغان، كۆپ يېسىمۇ ئېچىرقاپ تۇرىدىغان، كۆپ سىيىدىغان، تەدرىجىي ئورۇقلايدىغان كېسەل ئالامىتىگە قارىتىلىق ھالدا داۋالاش ئېلىپ بارىدۇ. بەدەننىڭ سالامەتلىكىنى ياخشىلاپ ئېغىز قۇرۇشنى تۈگىتىپ، قەنت ماددىسىنى تۆۋەنلىتىپ ئورگانىزمنىڭ خىزمەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ قان شېكىرىنى نورمال ھالەتكە كەلتۈرىدۇ. بولۇپمۇ «3 كۆپ 1 ئاز بولۇش» تەك كېسەل ئالامىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان ماغدۇرسىزلىق، پۇت - قول كۆيۈشۈش، كۆز تورلىشىش، قول - پۇت قىچىشىش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلگەن بىمارلار، بۇ دورىنى ئىشلەتكەندىن كېيىن تېزلا ساقىيىپ كېسەل ئازابىدىن قۇتۇلىدۇ. دوختۇرخانىمىز بىمارلارنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىدۇ، داۋالىتىشنى خالىغان بىمارلارنى ياخشى داۋالايدۇ.

## داۋالاش ئۈنۈمىنى كۆرەي دېسىڭىز

«پەللىكە ئوكۇل سېلىش» يېڭى ئۇسۇلىنىڭ مېڭە ۋە پۇت-قوللار پارالىچىنى داۋالاشتا ئۈنۈمى ياخشى. ئىچىشكە جۇڭيى دورىسى بېرىپ پارالىچنى داۋالاش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئەنئەنىۋى جۇڭيى يىڭنە سانچىش ئۇسۇلى بىلەن ئۈۋۈلاپ داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈپ باللارنىڭ بۇرۇن تۇغۇلۇپ قېلىش، قىزىتما، دورىلاردىن زەھەرلىنىش كەلتۈرۈپ چىقارغان پارالىچ، سۆزلىيەلمەسلىك، دۇدۇقلۇق، مۇسكۇللار يىگىلەپ قېلىش، يول مېڭىش قىيىنلىشىش، ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغانلارنىڭ مېڭىگە قان چۈشۈش، مېڭە قان تومۇرىنىڭ شەكىللىنىش، يارىلىنىش، سەكتە قاتارلىقلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان كېسەللەرنى داۋالىسا ئالاھىدە ئۈنۈم بېرىدۇ.

ئۇرغۇن كېسەللەر داۋالانغاندىن كېيىن، ئۆزى ئويلاپ باقمىغان ئۈنۈملەرگە ئېرىشكەن. بىر قىسىم بىمارلار ئۆز تۇرمۇشىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان بولغان. بۇ يەردە داۋالانغان كېسەللەرنىڭ ھەممىسىگە خالىغاندا كېلىپ داۋالىنىش كارتۇچكىسى تارقىتىپ بېرىدۇ. بىر كۇرس داۋالىنىپ ئۈنۈمى بولمىغانلارنى قايتا داۋالاشتا ھەقسىز داۋالايدۇ.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى شىمالىي 4 - كوچا 50 - نومۇرلۇق داۋان دوختۇرخانىسى.

地址：乌市团结路北四巷50 号大湾医院传呼（0991）2861234 — 19310 电话：（0991）2885904

# سېھىرلىك ياشلىق ۋە ياشلىق سېھرى

★ مۇكەررەم مۇسا ★

1

ياشلىق ئۆمۈرنىڭ زىلۋا بىر چېغى؛
ياشلىق ــ ھاياتنىڭ باھار مەۋسۇمى؛

شۇنداق، ھايات ھەممە كىشىگە پەقەت بىرلا قېتىم بېرىلگىنىدەك بۇ ئالىيجاناب تۇيغۇلار دەۋرىمۇ ھەممە كىشىگە پەقەت بىرلا قېتىم بېرىلگەن. ھېچ كىم قايتا تۇغۇلۇشقا قۇربەتسىز بولغىنىدەك، قايتىدىن ياشلىق مەۋسۇمىنى ئۆتكۈزۈشكىمۇ قۇدرەتسىز!

ياشلىق دەۋرى ھەممىمىزگە بېرىلگەن. تارىختا ئۆتكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، ئالىم، سەركەردە، سەنئەتشۇناس ۋە ئۇستازلارنىڭ ھەممىسى ياشلىق دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. ئۇلار ياشلىق دەۋرىدە ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى كامالىتى ۋە يېتىلىشى ئۈچۈن فوند ھازىرلىغان، خەزىنە تىكلىگەن، ئۇل سالغان. ئۇلار ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئۇزاق يوللىرىنى ياشلىق دەۋرىدە ھازىرلىغان. ئەقىل - ھېكمەت ۋە نادىر سەنئەت مەشئەللىرى بىلەن يورۇتقان.

ياشلىق ئاتا - ئانىنىڭ قەلبىدىكى ئوت، كۆزىدىكى نۇر! ئۇلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ گۈزەل ياشلىق دەۋرىدىن دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى، ھاياتنىڭ شېرىنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ ياشلىق دەۋرلىرىنى تاپىدۇ. ئۇلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ گۈزەل ياشلىق دەۋرىگە ئۈمىد - ئارزۇلىرىنى، ئىستەك - دۇئالىرىنى بېغىشلايدۇ.

ئۇشىنىسكى توغرا ئېيتىدۇ: «ياشلىق ئارزۇلىرى بولمايدىكەن، ئىنسانىيەت ھاياتى بىرلا نۇقتىدا توختاپ قالغان بولاتتى»، «ياشلار ــ ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ پائالىيەتچان ئەترىتى» (كالىنىن). قىسقىسى ياشلىق خۇددى رۇس ئەدەبىيات تەنقىدچىسى نىكولاي سىلگونوۋ ئېيتقاندەك: «تەشەببۇس، ساپ كۆڭۈل، ئادالەت، ئىنسانىي ھەقىقەتكە چەكسىز ئىنتىلىش بىلەن تولغان تەرەققىياتنىڭ ئۇلۇغ بىر كۆچىدىن ئىبارەت».

2

خۇددى باھار - گۈل پەسلى، ياز بىلەن كۈز - مېۋە، دان پەسلى بولغىنىدەك ياشلىق تېخى ئىنسانىنىڭ ھەقىقىي قىممەت يارىتىش پەسلى بولۇۋەرمەيدۇ. ئومۇمەن، ئىنسان ياشلىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن كېيىن ئۆز - ئۆزىدىكى جۇغلانمىنىڭ مول ھوسۇللۇق باسقۇچىغا قەدەم قويىدۇ. رۇس يازغۇچىسى گوگول توغرا ئېيتقان: «ياشلىق ئۆزىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ كېلەچىكى بارلىقى بەختتۇر»، «مەنپەئەتسىز ئۆتكەن ياشلىق ـ مۇسىبەت» (ئاباي).

ياشلىق پەقەت ياشلىقنىڭ ئىنسانىي ھاياتتىكى گۈزەل باھار پەسلى ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش بىلەن بەختلىك دېيىلسە ناھايىتى زور خاتاغا يول قويغانلىق بولىدۇ. ئەمەلىي تۇرمۇشتا شۇ



خىل خاتا قاراش بىلەن «ياشلىقتا ئوينىۋالغانلار»نىڭ پاجىئەلىرى ناھايىتى ئېچىنىشلىقتۇر! ياشلىق ئۆزىنىڭ گۈزەل باھار پەسلى ئارقىلىق پۈتۈن ھايات ئۈچۈن ئىلىم، قابىلىيەت، قىممەت يارىتىش مەزگىلى بولغىنى بىلەن ئىپتىخارلىق ۋە بەختلىك. فرانسۇز يازغۇچىسى ستىندال: «ئىنساننىڭ قىرلىقتىكى تەقدىرى ئۇنىڭ ياشلىقىنى نېمىگە سەرپ قىلغانلىقىغا باغلىق» دېسە، فرانسۇز مۇتەپەككۇرى روسسو: «ياشلىق دانالىقنى ئۆگىنىدىغان، قىرلىق ئۇنى جارى قىلدۇرىدىغان پەسىل» دەپ يازغانىدى. دەرھەقىقەت، ياشانغان دانا كىشىلەردىن ئۇنىڭ ئاجايىپ ياشلىقىنى بىلىش مۇمكىن.

ياشلىقنىڭ مەنىسى ۋە ئەھمىيىتىنى پۈتكۈل ئۆمرى ۋە ئۆز خەلقىنىڭ تەقدىرى بىلەن باغلاپ قارىغان ياشلار ھەقىقەتەن يىراقنى كۆرەر ۋە ئۆز-ئۆزىنى قەدىرلەشنى بىلگەن ياشلار ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى گىرىك مۇتەپەككۇرى پىفاگور: «ھەر كىم ئۆز- ئۆزىنى ھۆرمەت قىلىشنى 1- دەرىجىلىك قانۇن ھېسابلىشى لازىم» دېگەنىدى.

3

رۇس مۇتەپەككۇرى بېلىنسكىي: «ياشلىق — ھايات پوئېزىيىسى» دېگەنىدى. بۇ ئاددىي تەسۋىر داغدۇغا ئۈچۈن دېيىلگەن سۆز ئەمەس. ئۇ ياشلىقنى پۈتۈن ھاياتنىڭ ۋە پۈتۈن ھاياتقا بېغىشلانغان ئاڭلىق تەپەككۇر، قىزىقىش، ھېسسىيات ۋە قەتئىي ئىرادە، تىنىمسىز جاسارەت دەۋرى دەپ تەرىپلەشنىڭ ئىخچام جۈملىسى. دەرھەقىقەت، ياشلىق سېھىرلىك مەزگىل. ئۇ خۇددى تۈرك شائىرى نازىم ھىكمەت ئېيتقاندەك «ئارزۇ، ئىشەنچ، جاسارەت، لىرىكا، رومانتىكا، مۇقەددەس ئىستىقبالغا تولغان دەۋر». قەدىمكى گىرىك سەنئەتكارى ئارستوفان ئېيتقاندەك «دۇنيادىكى ئەڭ ئالىي بەخت — تۇغۇلۇشتىن باشلاپلا پەرۋاز قىلىشقا بولغان ئىنتىلىش ياشلىق دەۋرىدە يالقۇنلۇق پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ. ياشلار ئۆز بەدەن ساغلاملىقى بىلەنلا ئەمەس، مۇھىمى، غايە ۋە ئىرادە كۈچى بىلەن قۇدرەتلىك، غايە يوق يەردە ئىرادە يوق، ئىرادە يوق يەردە يول يوق». فرانسۇز ئەخلاقشۇناسى لارشىفوكو: «ئەسلىدە سەن كۈچسىز ئەمەس، بەلكى ئىرادىسىز» دېسە، ئىسپانىيە دىراماتورگى كالدورۇن: «ئۆزى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش- ئىرادىنىڭ ئۇلۇغ ئۇتۇقى» دېگەنىدى.

سېھىرلىك ياشلىق — تەبىئەت ھەممە كىشىگە بەخش قىلغان، قىسقا، تەكرارلانماس گۈزەل دەۋر، مۇمكىنلىكلەرگە تولغان ھايات مەۋسۇمى. ئادەم پۈتۈن ھايات باسقۇچىدا بۇ مەزگىلنى ئارمان قىلىدۇ، ئەسلەيدۇ ۋە چۈشەيدۇ.

ياشلىق سېھرى — ياشلىق مەزگىلىدە ھەر بىر ياشنىڭ قەلبىنى مەپتۇن قىلىپ تۇرغان ئىجتىمائىي مۇئەمما شۇنداقلا غايە، ئىنتىلىش سېھرىدىن ئىبارەت. ياشلىق سېھرى بەزىدە ئىلىم، بەزىدە ئىقتىسادىي كەسىپ، بەزىدە ساياھەت، بەزىدە سەنئەت، بەزىدە مۇھەببەت، ھەتتا بەزىدە ياشلىقنى نابۇت قىلىدىغان باشقا قىزىقىش نۇقتىلىرى بولۇشى مۇمكىن.

قەدىمكى رىم ناتىقى ۋە مۇتەپەككۇرى سىپتىرون: «ماڭا ياشلاردا كۆرۈنگەن ياشانغانلارچە خاراكتېردىن، ياشانغانلاردا كۆرۈلگەن ياشلارچە خاراكتېر ياخشىدۇر» دېگەنىدى. بۇ جۇشقۇن، ساغلام خاراكتېرنىڭ ھاياتنىڭ زىنىنتى، روھنىڭ جۇلاسى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

دېمەك، مەن بۇ ماقالەم ئارقىلىق ياشلىرىمىزدىن، ياشلىق مەزگىلىنىڭ قەدرىنى بىلىشنى، ئۇنى تەبىئىي ھالەتتىكىلا سېھرىي ياشلىق شەكلىدە ئۆتكۈزۈۋېتمەسلىكىنى، بولۇپمۇ بولمىغۇر، جىنايى چۈشكۈنلۈكلەر ئازگىلىغا پېتىپ قالماسلىقىنى، ئۇنىڭ ئەكسىچە، ياشلىق مەۋسۇمىدە خەلققە، جەمئىيەتكە، ۋەتەنگە، كەلگۈسىگە پايدىلىق ئىجابىي ئىشلارنى كۆپلەپ قىلىشنى تەۋسىيە قىلماقچىمەن. (06)

# خىلۋەت سەھرادىكى نۇر ۋە سايە

★ ئۆزلۈك دەۋران ★

بۇ يىل ئۆكتەبىر، مۇخبىرلىق بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ، باي ناھىيىسى تەۋەلىكىدە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ قالدىم.

زىيارەت بىلەن بۇ ناھىيىنىڭ شەرقىدىكى، ناھىيە مەركىزىدىن تەخمىنەن 50 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قىزىل يېزىسىغا بارغىنىمدا بۇ يېزىدىكى دېھقان ـ چارۋىچىلاردىن ئىشچى- خىزمەتچىلەرگىچە ھەممىسىنىڭلا ئوخشاشلا بىر ئىشنى- يەنى ئۆز يېزىسىدىكى دېھقان ـ چارۋىچىلاردىن تەشكىللەنگەن بىر سەييارە ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى ئالاھىدە سۆيۈنۈش تۇيغۇسىدا تەرىپلەۋاتقانلىقى مېنىڭ دىققىتىمنى قوزغىدى. ئەھۋال ئىگىلەش نەتىجىسىدە، بۇ ئەترەتنىڭ دەل يېزىلىق ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەنلىكى ئايان بولدى.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش ۋە يېزىلاردا ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۆزگىچە ۋەزىپە بىلەن كۆچلۈك چاقىرىق قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، يېزىلىق ئىتتىپاق كومىتېتى تەشكىللىگەن بۇ خاسىيەتلىك ئىشنىڭ ھامان ئاخبارات قىممىتى بار دەپ جەزىم قىلىدىمدە، ئۆزۈم ئىگە بولغان يىپ ئۇچىغا ئاساسەن يېزىلىق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ئاسىيەگۈل ئاۋۇت ۋە يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جوڭخۋانى مەخسۇس زىيارەت قىلدىم.

ۋاڭ جوڭخۋانىڭ ئېيتىشىچە، بۇ سەنئەت ئەترىتى دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ھاياتىنى جانلاندۇرۇش مەقسىتىدە مەزكۇر يېزىدىكى دېھقان ـ چارۋىچىلار، ئىشسىز ياشلار ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئارىسىدىن تاللاپ تەشكىللەنگەن بولۇپ، تەشكىللىگۈچىسى دەل يېزىلىق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ئاسىيەگۈل ئابلا ئىكەن.

يېزىلىق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ئاسىيەگۈل ئابلا ئۆزىنىڭ كۆزدە، خىزمەت تەجرىبىسىنىڭ كەملىكىگە قارىماي بۇ ئادىي، ئەمما ئەھمىيەتلىك ئىش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ كۈچ چىقارغان. ئىتتىپاق تەشكىلاتى بار، ئەمما ھېچقانداق ئەمەلىي ھەرىكەت يوق ئەھۋالدا، ئۇ يېزا تەۋەسىدىكى بارلىق ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارنى تەشكىللەپ ھېيت ـ بايرام مەزگىللىرىدە زېھىن سىناش ۋە ھەر خىل تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى ئېلىپ بارغان، ناخشا ـ ئۇسسۇلنى ئاساس قىلغان ئۇنۇۋېرسال سەنئەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزگەن. مۇشۇ ئاساستا، ئۇ بۇ يىل 5 ـ ئايدا، بەلگىلىك ئىقتىدارغا ئىگە 18 ناخشا ـ ئۇسسۇل ماھىرلىرىنى تەشكىللەپ «ئۈمىد ياشلار سەنئەت ئەترىتى»نى قۇرغان. ھېسسىيلىنىمىدىن باشقا ھېچقانداق ماددىي مەبلەغ بولمىغان ئەھۋالدا ئۇلار تەقدىرگە تەن بەرمەي تەبىئىي قاپاقچىنى مىكرافون، ئىنچىكە ئاچا ياغاچنى تۇۋرۇك قىلىپ ناخشا ئېيتقان ۋە سەنئەت نومۇرلىرىنى ئىپلان قىلغان، ئارتىستلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئارىيەت ئالغان، بىر قىسمىنى ئارتىستلار ئۆزلىرى تىكتۈرتكەن. دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىگە لايىقلاشقان، ئۇلار ئاسان قوبۇل قىلالايدىغان نومۇرلارنى تەييارلاپ ئۆز يېزىسىدىن باشقا قېيىر، توقسۇن قاتارلىق بىر نەچچە يېزىدا ئويۇن قويۇپ قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكەن. ئويۇن قويغانلىكى يەردە ئىتتىپاق ئەزالىرىغا بېرىم باھا ئېتىبار قىلسا، بەزى نامرات يېزا، كەنت، ئەترەتلەردە ھەقسىز ئويۇن قويۇپ زور ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. شۇنداقتىمۇ، ئۇلارنىڭ بىر ئايلىق كىرىمى 3 مىڭ 500 يۈەندىن تۆۋەن بولمىغان. ئۇلار كىرىم قىلغان بۇ خىراجەتنىڭ بىر قىسمىنى ئىتتىپاق خىراجىتى ۋە تۈرلۈك سەنئەت ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىشقا ئىشلەتسە، يەنە بىر قىسمىنى ئۆمەك ئەزالىرىنىڭ خىراجىتىگە، بولۇپمۇ ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار، ئېغىر ئىش كۆتۈۋاتقان ياشلارغا ماش قاتارىدا تارقىتىپ بەرگەن.

باي ناھىيىسى قىزىل يېزىلىق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ ئاددىي، ئەمما ئەھمىيەتلىك بۇ پائالىيىتىنى ئىتتىپاق خىزمىتىدىكى بىر ئۆرنەك دېيىشكە بولۇپمۇ، ئەدەبىيات- سەنئەتنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش، يېزىلاردا ئىككى مەدەنىيەتلىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتا قوشۇلغان خالىس تۆھپە دېيىشكە بولىدۇ.(06)

# تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى گېزىتى

«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ قوشۇمچىسى

1998 - يىل دېكابىر (ئومۇمىي 121 - سان)


## ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئۈچۈن



1) چاينى كۆپ ئىچىڭ.
2) تاماقنى ئاز يەپ كۆپ چايناڭ.
3) تۇزنى ئاز ئىستېمال قىلىڭ.
4) گۆشنى ئاز، مېۋە - چېۋىنى كۆپ يەڭ.
5) ئاچچىقنى بېسىۋېلىپ خۇشال - خۇرام يۈرۈڭ.
6) كۆكتاتنى كۆپ يەڭ.
7) قېلىن كىيىنمەي، كۆپرەك يۇيۇنۇڭ.
8) كۆپرەك ھەرىكەت قىلىڭ. (02)

## ئائىلە ئىستېمالىدىكى خاتالىقلار

قورساققا ئەھمىيەت بېرىپ، كاللىغا سەل قاراش. ھازىرقى زامان كىشىلىرى يېيىشكە بارغانسېرى ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولۇۋاتقىنى كىتاب سېتىۋېلىپ، گېزىت - ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇپ، كاللىسىنى قوراللاندۇرۇشقا بارغانسېرى سەل قارايدىغان بولۇپ كەتتى.

بالىلارغا ئەھمىيەت بېرىپ، ياشانغانلارغا سەل قاراش. «كىچىك قۇياش»، «كىچىك پادىشاھ» لار ھازىرقى زامان ئائىلىلىرى ئىستېمالىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالدى. بالا نېمىنى ياخشى كۆرسە شۇنى ئېلىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە ئائىلە ئىستېمالىدا ياشانغانلار ئىستېمالىنىڭ نىسبىتى تۆۋەن.

تېجەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، يوقلاش ئىشلارغا يول قويۇش. نۇرغۇن ئائىلىلەر ئادەتتىكى چاغلاردا تۇرمۇشنى تېجەشلىك بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. لېكىن چاغان دېگەندەك ئەنئەنىۋى بايرام كۈنلىرى، توي - تۆكۈنلەردە ئائىلە ئىستېمالى پائالىيىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلىدۇ.

كۆڭۈل ئېچىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، چېنىقىشقا سەل قاراش. نۇرغۇن ئائىلىلەر ئارام ئېلىش، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە بارغانسېرى ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇۋاتىدۇ، كۆڭۈل ئېچىش جەھەتتىكى چىقىمى تېز ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ھازىرقى زامان ئائىلىلىرىنىڭ تەنھەرىكەت چېنىقىشى ۋە تەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇش جەھەتتىكى ئىستېمالى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ كېتىۋاتىدۇ... (02)

(نېمەت. ت)

## ئائىلە زىددىيىتىنى ھەل قىلىشتا ...

1) تېرىكتۈرۈش. قارشى تەرەپنىڭ ئىچى تىت - تىت بىئارام بولغاندا ئۆزىنى ئەپقېچىپ دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرمەي قەستەن «چىشىغا تېگىش» كېرەك.

2) يۇمۇر. بۇ، 2 تەرەپنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتقۇزۇشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى.

3) كۆيۈنۈش. بەزى ۋاقىتلاردا قارشى تەرەپنىڭ «ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرۇشى» كۆيۈنۈشكە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلغانلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن.

4) تېمىنى يۆتكەش. بالا ئارقىلىق كەيپىياتنى تەڭشەش ياكى بولمىسا قارشى تەرەپ قىزىقىدىغان بىرەر ئىشنى سۆزلەش.

5) غەمنى يوقىتىش. قارشى تەرەپنىڭ سەۋەبسىزلا ئاچچىقى كەلگەندە كېسەلگە قارىتا دورا بېرىپ سەۋەبنى كۆرسىتىش. ئۈيلىنىشقا ياردەم بېرىپ چارە - ئۇسۇل بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

6) گۇناھنى تونۇش. قارشى تەرەپ ياخشى كۆرىدىغان تاماقنى ئېتىپ بېرىش ياكى بولمىسا قارشى تەرەپ ياخشى كۆرىدىغان بىرەر بۇيۇمنى سوۋغا قىلىپ قەستەن بولسىمۇ «گۇناھىغا تەۋۋا» قىلغانلىقىنى ئىپادىلەش لازىم. (02)

(سانىيە ئەبەيدۇللا. ت)



## تۇرمۇشتا 10 دىن ساقلىنىڭ

1) پەرداز قىلغاندا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەڭ؛
2) ئاجايىپ ـ غارايىب كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيمەڭ؛
3) يىمەكلىكلەرنى ئاچكۆزلۈك بىلەن يىمەڭ؛
4) ھاراق ئىچكەندە مىقدارى كۆپ بولۇپ كېتىشتىن ساقلىنىڭ؛
5) مېھمان بولغاندا ئەدەپلىك بولماسلىقتىن ساقلىنىڭ؛
6) مېھمانلارغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىشتىن ساقلىنىڭ؛
7) سۆھبەتلەشكەندە قوپال، تېتىقسىز بولۇشتىن ساقلىنىڭ؛



8) كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە باشقىلارغا تەسىر يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىڭ؛
9) ماشىنىغا ئولتۇرغاندا ئورۇن تالاشماڭ؛
10) ۋېلسىپىت مىنگەندە يول تالاشماڭ؛ (02)

(سانىيە ئەبەيدۇللا. ت)

## خاسىڭنىڭ پايدىسى

خاسىڭنى ناۋاتنىڭ سۈيى بىلەن ئەمدەپ يېسە يۆتەل، كۆك يۆتەل سوزۇلما خاراكتېرلىك يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ. توختىمىغان يۆتەلنى توختىتىدۇ.

لېكىن خاسىڭ ئاسان ھەزىم بولمايدۇ.

قۇرۇق يۆتەلگە زېغىر بىلەن ھەسەلنى سوقۇپ ئىستېمال قىلسا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. (02)

## باللار ئۇزۇقلۇقىدا...

بۇ يىل بېيجىڭدا ئېچىلغان ئوقۇغۇچىلار ئۇزۇقلۇق ئىلمىي ۋە ئىلمىي ئۇزۇقلىنىش تەتقىقات يىغىنىدا مۇتەخەسسلەر ئاتا-ئانىلارنى بىرتەرەپلىمە ھالدا يۇقىرى باھالىق ئالىي يىمەكلىكلەرنى قوغلىشىپ باللارنى تاماق تاللايدىغان قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىش باللارنىڭ ئىلمىي ئۇزۇقلىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىشكە چاقىردى. مائارىپ مىنىستىرلىكى، يېزا ئىگىلىكى مىنىستىرلىكى، دۆلەت ئىقتىسادىي سودا كومىتېتى، سەھىيە مىنىستىرلىكى قاتارلىق تارماقلاردىن كەلگەن مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسلەر دۆلىتىمىز ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۇزۇقلىنىش ئەھۋالى ۋە تەرەققىيات مەنزىرىسى ئۈستىدە چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ باردى.

باللار تەتقىقات ئورنىنىڭ ئۇدا 8 يىل ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا بېيجىڭ شەھەر رايونى 1-يىللىقتىكى 6 ياشلىق باللارنىڭ سەمرىپ كېتىش نىسبىتى ئەسلىدىكى 4.19 تىن ئۆرلەپ 16.2 گە يەتكەن. ئوغۇل باللارنىڭ سەمرىپ كېتىش نىسبىتى % 21.5 گە يەتكەن .

گۇاڭجۇ، شاڭخەي قاتارلىق شەھەرلەردىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ناچار ئۇزۇقلىنىش نىسبىتى % 42 گە يەتكەن. مۇتەخەسسلەر يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇزۇقلۇقى خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يېزىلارغا قارىتىشنى مۇراجىئەت قىلدى. چۈنكى نۆۋەتتە يېزىلاردىكى باللارنىڭ ئاقسىل، ئىسسىقلىق يېتىشمەسلىك نىسبىتى شەھەرلەرنىڭكىدىن 4 ھەسسە ئەتراپىدا يۇقىرى، ئۆسۈپ يېتىلىشى ئاستا بولغان. يېزا باللىرىنىڭ % 29 ى كەم قانلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان. مۇتەخەسسلەر بۇنىڭغا قارىتا يىمەكلىكلەرنى كۆپ خىللاشتۇرۇپ ئۇزۇقلۇقنى تەڭشەش قاتارلىق كونكرېت تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. (02)

(سانىيە ئەبەيدۇللا . ت)

## كۈلۈشنىڭ 10 خىل پايدىسى

كۈلۈش كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىگە ئىنتايىن پايدىلىق بولۇپ ئۇنى تۆۋەندىكى 10 خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ.



1) ئۆپكىنىڭ نەپەسلىنىشىنى كۈچەيتىدۇ.
2) نەپەس يولىنى تازىلايدۇ.
3) سالامەتلىك تۇيغۇسىنى قوزغىتىدۇ.
4) نېرۋا جىددىيلىكىنى يوقىتىدۇ.
5) پەي، موسكۇلالارنى يۇمشىتىدۇ.
6) ئارتۇقچە زېھنى قۇۋۋەتنى تارقىتىدۇ.
7) غەم ـ غۇسسىلاردىن خالاس قىلىدۇ.
8) روھى يۈكنى يەڭگىللىتىدۇ.
9) تارتىنچاقلىقتىن قۇتۇلدۇرىدۇ.
10) ئۈمىدۋارلىق بېغىشلايدۇ.



تەھرىرى: 02

(لەسئەت مەسئۇدى)













(هۆسن خەتلەرنى هۆسەنجان قاسىم يازغان)

# تارىخىمىزدا تىبابەتچىلىك

★ ئابلىز مۇھەممەت سايرامى ★

خۇددى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا ياشىغان خەلقلەر ۋە مىللەتلەرگە ئوخشاش، دىيارىمىزدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلار يىراق قەدىمكى تاش قوراللار دەۋرىدىلا ئىپتىدائىي تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي داۋالاش، ئەملەش، تېڭىقچىلىق ئۇسۇللىرى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ھايات شارائىتلىرى، جۇغراپىيىلىك مۇھىت ئىقلىمى ۋە بىلىش فورماتسىيىسى ئاساسىدا پەيدىنپەي شەكىللەنگەن.

يىراق كونا تاش قوراللار دەۋرلىرىدە تەبىئەتكە چوقۇنۇش، ئەتراپىدىكى ھەر خىل شەيئىلەرنى ئىنتايىن سىرلىق ھېس قىلىش باسقۇچىدا تۇرغان تارىملىقلار تەبىئەت كۈچلىرى ئالدىدا ئۆزىنى ئاجىز ھېس قىلغان. شۇڭا ئۇلار كېسەللەرنى مايلاش، قاقلاش، كۆيدۈرۈش، قان چىقىش، ئىلمە قىلىش، قىزىتىش، قۇمغا كۆمۈش، گىياھ سۈيىگە چىلاش، ھايۋان تېرىسىگە ئېلىش، ئۆتكە تېگىش، ئۇچۇغداش، قۇستۇرۇش... قاتارلىق ئاددىي داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش بىلەن بىرگە، روھىي جەھەتتىن قۇربانلىق قىلىش، نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈش، پال سېلىش، قەسىدە ئوقۇش، بەنت قىلىش، تىلتۇمار پۈتۈش، ئىسرىق سېلىش، ھامىيلىق مەبۇدىسىگە سىغىنىش، پىر ئويناش، يۇدۇش، ھامىي ئىلاھلارغا ۋە ئىزگۈ ئەرۋاھلارغا يېلىنىپ، ئۇلارنى تەسىرلەندۈرۈپ، ئۇلارنى چىللاپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىدە كېسەل پەيدا قىلغۇچى يامان ئالۋاستىلارنى مەغلۇپ قىلىشتەك كېسەل ساقايتىش مەشغۇلاتى ئېلىپ بارغان.

كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرلىشىشى، تېرىقچىلىقنىڭ پەيدا بولۇشى، ئوۋچىلىقتىن ھايۋان كۆندۈرۈشكە ئۆتۈشتىن باشلاپ ئەرۋاھلارغا يېلىنىپ كېسەل داۋالاش ۋە دۇرۇت، قەسىدە ئوقۇپ شىپالىق تەلەپ قىلىشلار سۇسلاشتى ھەم بىرىنچى داۋالاش ئورنىدىن قالدى. بۇ چاغدا مۇستەھكەم ئادەتكە ئايلانغان ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ دىققەت نەزەرى ئادەمنىڭ ئۆزىگە - ئادەملەرنىڭ ماددىي داۋالىشىغا قارىتىلىشقا باشلىدى. باخشى، جىنكەشلەر ۋە «كارامەتچى» لەر ئەمدىلىكتە روھىي (دىنىي) داۋالاش ئەمەس بەلكى ماددىي داۋالاشنى كەسىپ قىلغان ئەمچى، تېۋىپ ۋە دوختۇرلارغا سەھنە بوشاتتى. خەلق ئىچىدىن ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد يېتىشىپ چىققان تېۋىپ ۋە دوختۇرلار جەمئىيەتتە تونۇلۇپ ئىچكى- تاشقى كېسەللەر، 5 ئەزا كېسەللىكلىرى ھەم مۇرەككەپ، جاھىل، يامان سۈپەتلىك كېسەللىكلەر ئۈستىدىن غالىب كەلدى. ھەر خىل دورا - ئۆسۈملۈكلەر، مەدەنلەر، ھايۋانات ئەزالىرى ۋە باشقا ماددىلارنىڭ تەركىبى، شىپالىق رولى بايقىلىپ تارىملىقلار ھاياتىدا دورىگەرلىك داۋالاش ئىشلىرى روناق تاپتى.

ھازىرغىچە يۇرتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ تىبابەتچىلىك پائالىيىتىگە دائىر دورا- دەرمەكلەر، شىپالىق ئۆسۈملۈكلەر، مەدەن دورىلار، ھايۋاناتلاردىن ئېلىنغان دورا قاتارلىقلار تېپىلدى. شۇ



قاتاردا نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى قارا يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ ياتقان قەدىمكى تارىملىقلارنىڭ تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىككە دائىر ماددىي بۇيۇملار ئارقا ـ ئارقىدىن يورۇقلۇققا چىقىپ ئالىملارنى ھەيران قالدۇردى ۋە دۇنيانى زىلزىلىگە سالدى. بولۇپمۇ بۇنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر نازۇك، يۇقىرى ماھارەت ۋە تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان قورساق ئوپېراتسىيىسى بىلەن مېڭە سۆڭەك ۋە داس سۆڭەك ئوپېراتسىيىلىرىگە دائىر ماددىي مەلۇماتلارنىڭ تارىم بوستانلىقىدىكى مىلادىدىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرىكى قەبرىلەردىن چىققانلىقى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدا يەنە بىر مۆجىزە ياراتقانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى تېلېگراممىسى:

ئارخېئولوگىيە خادىملىرى شىنجاڭدىكى داغلىق ياقۇنتاغ ئېتىكىدىن 2000 يىلدىن ئىلگىرىكى 10 دىن ئارتۇق قۇرۇق جەسەتنى تاپتى. بۇ جەسەتلەرنىڭ ھەممىسىگە تېرە كىيىم، ئاياغ ۋە غەلتە كىگىز قالپاق كىيدۈرۈلگەن. 10 دىن ئارتۇق ئەر ـ ئاياللىنىڭ جەسىتىگە قايرىما ياقىلىق تېرە جۇۋا كىيدۈرۈلگەن. ئەرلەر يۇڭ رەختتىن قىسقا ئىشتان، تىزىغا تىزلامچى كىيگەن، ئاياللارمۇ تىزلامچى ۋە يۇڭ رەختتىن ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن. ئەرلەر بېشىغا جىيەك تۇتتۇلغان، ئۇچىغا پۆپۈك قادالغان تۆپە كىيگەن. ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى ئالاھىدە، چاچ تورى تاقاپ ياغاچ ئىلمە بىلەن تۇراقلاشتۇرۇلغان، بەزىلىرى چاچ تورىنىڭ ئۈستىگە كاناي شەكىللىك كۇلا كىيىۋالغان... بەزى جەسەتلەرنىڭ بەلۋېغىغا ئېسىلغان تېرە خالتىلاردا يۇمشىتىلغان ۋە كاللەك شەكىللىك دورا ـ دەرمەك بار... بەزى جەسەتلەرنىڭ كۆكرىكى ۋە قورساق قىسمى ئوپېراتسىيە قىلىنغان بولۇپ، ئوپېراتسىيە قىلىنغان جايلار چاچ ۋە قىل بىلەن تىكىپ قويۇلغان... مۇتەخەسسىسلەر مۇنداق ھېسابلىدى: بۇ قەبرىلەرگە دەپنە قىلىنغان ئادەملەر غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن ئىلگىرىكى تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشىغان قەدىمكى قاڭقىللار، قاڭقىل دۆلىتى چىن، خەن دەۋرىدىكى غەربىي دىياردىكى 16 دۆلەتنىڭ بىرى» («شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇرچە، 1993 ـ يىلى 30 ـ ئۆكتەبىر، 1 ـ بەت).

1983 ـ يىلى ئارخېئولوگلار خوتۇنسۇمۇل ناھىيىسىدىكى سەيۋوپو قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا قېزىش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا 4 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن مېڭە سۆڭىكى ئوپېراتسىيە قىلىنغان ئون نەچچە باش سۆڭەكنى تاپقان. مەسىلەن:

M 113 B: نومۇرلۇق جەسەت ئەر، ياش، مېڭە سۆڭىكىنىڭ 3 جايىدىن تۆشۈك ئېچىپ ئوپېراتسىيە قىلىنغان، تۆشۈك ئېچىپ ئوپېراتسىيە قىلىنغاندىن كېيىن تۆشۈكلەر دورا سۈركەلگەن قىل بىلەن تىكىلگەن، بەزى تۆشۈك ئورنىغا يېڭى سۆڭەك ئۆسۈپ چىققان. ئەڭ چوڭ تۆشۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6 مىللىمېتىر، كەڭلىكى 2.1 مىللىمېتىر كېلىدۇ.

M 113 G: نومۇرلۇق جەسەت ئوتتۇرا ياش ئەر، چېكە سۆڭىكىنىڭ 3 يېرىدىن تۆشۈك ئېچىپ ئوپېراتسىيە قىلىنغان، تۆشۈكلەرنىڭ ئايلانمىسى 4.2 ۋە 3.8 مىللىمېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭدا ئوپېراتسىيىدىن كېيىن ئۆسكەن يېڭى سۆڭەك ئىزنالىرى بار. ئوپېراتسىيە تۆشۈكلىرى ئۆز دەۋرىدە يىپ ۋە سۆڭەك يىڭنە بىلەن ئاددىي ئۇسۇلدا ئوپېراتسىيە قىلىپ تىكىلگەن.

A 113 B: نومۇرلۇق جەسەت ئەر، ئوتتۇرا ياش، بۇرنى يېرىلىپ ئىگىلگەن ھەم ئوپېراتسىيە قىلىنىپ تىكىلگەن. مېڭە سۆڭىكىنىڭ 7 يېرى ئوپېراتسىيە قىلىنىپ تېشىلىپ تىكىلگەن، پېشانىسىنىڭ سول تەرىپىدىكى بىر تۆشۈك يۇملاق شەكىلدە تېشىلگەن، دىئامېتىرى 0.6 مىللىمېتىر كېلىدۇ. قالغان 6 تۆشۈكنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش ئەمەس، ھەممىسى ئوپېراتسىيىدىن كېيىن يىپ، قىل ۋە سۆڭەك يىڭنە بىلەن ئاددىي ئۇسۇلدا تىكىلگەن. تىكىلگەن بەزى جايلىرىدا يېڭىدىن سۆڭەكلەر ئۆسكەن ئىزنالار ساقلىنىپ قالغان.

قانۇن دوختۇرلىرى خوتۇنسۇمۇل ناھىيىسىدىكى سەيۋوپو قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان بۇنىڭدىن 2700 يىلدىن ئىلگىرىكى مېڭە سۆڭىكى ئوپېراتسىيە قىلىنغان بىر جەسەتنى تېخنىكىلىق تەكشۈرگەن. ئەسلىدە ئۇنىڭ مېڭە سۆڭىكى 1.5 ۋە 0.5 مىللىمېتىر چوڭلۇقتا ئوپېراتسىيە قىلىنغان بولۇپ، ئىنتايىن كىچىك ھەم ئۈنكۈر پىچاقتا چوڭ مېڭىنىڭ دەل پەللىسىدىن تەشكەن، تەشكەندىمۇ ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن

ئىشلەپ باشقا جاينىڭ زەخىملىنىشىدىن بەك ئېھتىيات قىلىنغان، ئوپېراتسىيە ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولغان، ئوپېراتسىيە قىلىنغان جاي ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن تىكىپ قويۇلغان.

ئارخېئولوگلار بىلەن دوختۇرلار يۇقىرىدىكى قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان بىر جەسەتنى تەكشۈرۈۋاتقاندا، ئۇنىڭ داس سۆڭىكى ئىچىدىن ئېغىزىنىڭ دىئامېتىرى 2.5 سانتىمېتىر كېلىدىغان ياغاچتىن ياسالغان بىر رومكىغا ئوخشاش نەرسە چىققان، ئۇنىڭ ئىچىدىن يۇمشىتىلغان ساغۇچ رەڭلىك دورىلار چىققان. دوختۇرلار تەپسىلىي كۆزەتكەندە، بۇ كىشى ھايات ۋاقتىدا ئولتۇرغۇچ نېرۋا سۆڭەك كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقى، ئۇنىڭ داس سۆڭىكى بىلەن قويرۇق سۆڭىكى بىللە تۇتۇشۇپ ئۆسكەنلىكى، 2700 يىل ئىلگىرى نازۇك ئوپېراتسىيە قىلىنىپ، ھېلىقى يۇمشىتىلغان ساغۇچ دورا قاچىلانغان ياغاچ رومكا ئۇنىڭ ئىچكى ئەزاسى ئىچىگە ئورنىتىلغانلىقى مەلۇم بولغان.

80 ـ يىللاردىن بۇيان يۇرتىمىزدىن تېپىلىۋاتقان باش سۆڭەك، مېڭە سۆڭەك، داس سۆڭەك ۋە كۆكرەك، قورساق ئوپېراتسىيىسىگە دائىر ماددىي مەنبەلەر خېلى كۆپ، دەۋرى جەھەتتىن مىلادىيدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ قەدىمكى تارىملىقلارنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى مېدىتسىنا ئىلمىنى تەتقىق قىلىشىمىزغا بىۋاستە ئىسپات بولالايدۇ.

مەسىلەن، قۇمۇل يانبولاق قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ئوپېراتسىيە قىلىنغان بىر جەسەت بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى 2800ـ 3200 يىلغا، پىچاندىكى ياڭخەيدىن تېپىلغان ئوپېراتسىيە قىلىنغان 3 جەسەت 2200ـ 2700 يىلغا، ئالغۇيدىن تېپىلغان ئوپېراتسىيە قىلىنغان 3 جەسەت 2100ـ 2700 يىلغا، خوتونسۇمۇلدىكى سايئوۋپو 1 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان ئوپېراتسىيە قىلىنغان 3 جەسەت 2500ـ 3000 يىلغا، سايئوۋپو 4 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان ئوپېراتسىيە قىلىنغان 13 جەسەت 2500ـ 3100 يىلغا، مۇڭغۇلكۈرەدىكى شاتەيدىن تېپىلغان ئوپېراتسىيە قىلىنغان 1 جەسەت 1700 ـ 2500 يىلغا، پىچاندىكى سۇ بېشى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان كۆكرىكى ۋە قورسىقى ئوپېراتسىيە قىلىنغان جەسەتلەر 2600 ـ 3000 يىلغا توغرا كېلىدىغانلىقى ئېنىقلانغان.

دېمەك، يۇقىرىدىكى نەق ماددىي پاكىتلىق ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىز مىلادىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى سېپتا تاش قوراللار بىلەن مىس، تۆمۈر قوراللار بىللە ئىشلىتىلگەن دەۋرلەردە ئەمەس، بەلكى غەربىي خەن دەۋر (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 206 ـ يىلدىن مىلادى 23 ـ يىلغىچە) دىن 1000 يىللار ئىلگىرىلا كۆكرەك، قورساق، مېڭە، داس سۆڭەك قاتارلىق نازۇك ئىچكى ـ تاشقى ئەزالارنى ئوپېراتسىيە قىلالايدىغان، ئوپېراتسىيىدە كېسىلگەن جايلارنى چاچ ۋە قىل بىلەن ئۈنۈملۈك تىكەلەيدىغان دەرىجىگە يەتكەن (ئەپسۇس بۇ دەۋرلەردە دۇنيانىڭ خېلى كۆپ قىسىم جايلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇرۇق-قەبىلىلەر تېخى يالىڭاچ، يېرىم يالىڭاچ ھالدا ئوۋچىلىق ھاياتىدا ئىدى).مېدىتسىنا تارىخچىلىرىنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلار ئاۋۋال تاشقى كېسەللەرنى، ئاندىن ئىچكى كېسەللەرنى داۋالاشنى ئۆگەنگەنىكەن.

شۇڭا بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ تېبابەتچىلىك ئىلمىگە، بولۇپمۇ نازۇك ئىچكى ـ تاشقى كېسەللىكلەر ئوپېراتسىيە تارىخىغا بۈگۈنكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ۋە ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان تېببىي پەن ئۆلچىمى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىنسانلار ھايۋان گۆشىنى بەزىدە پىششىق بەزىدە خام يەيدىغان، بەزىلەر تېرىدىن ئاددىي كىيىملەرنى كىيسە، بەزىلىرى تېخى يالىڭاچ يۈرىدىغان، دۇنيانىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا تېخى ئائىلە ۋە خۇسۇسىي مۈلۈك بۆلۈنۈپ چىقمىغان ئەنە شۇنداق يىراق ئىپتىدائىي قەدىمكى زامان شارائىتى بويىچە قارىساق، ئاندىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ تېببىي پەن ئەنئەنىسىنىڭ نەقەدەر قەدىمىلىكىنى، ئىنسانىيەت تېببىي ئىلمىغا قانچىلىك تۆھپە قوشقانلىقىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.



تەھرىرى: 06
(كەمسەر داۋۇت)

# كېيىنكى ئەسىردە ئاشكارىلىنىدىغان «ئاغزاكى تارىخ»

جۇڭگو تارىخىنى ئۆزگەرتكەن «شىئەن ۋەقەسى»گە 60 يىل بولدى. لېكىن بۇ تارىخىي ۋەقەدىكى مەركەزلىك شەخسلەرنىڭ بىرى جاڭ شۆلياڭ ئۆتكەن ئىشلارنى ئومۇمىيۈزلۈك ئاشكارىلاشنى خالىمىدى. ۋەھالەنكى، 1991-يىلىدىن باشلاپ جاڭ شۆلياڭ ئامېرىكىنىڭ كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ تەتقىقات كافېدراسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېت بىلەن ھەمكارلىشىپ، نيۇ-يورك بىلەن تەيبېيدا نەچچە ئون سائەتلىك ئاغزاكى تارىخنى رەتلەپ چىقتى، ئەمما ئۇ بۇ مەخپىي تارىخنى 2002-يىلى ئاشكارىلاشنى قارار قىلدى.

جاڭ شۆلياڭنىڭ ئاغزاكى تارىخنى رەتلەشنى تەشەببۇس قىلغان كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ تەتقىقات كافېدراسىنىڭ مۇدىرى رونالدگورل جاڭ شۆلياڭنىڭ ئاغزاكى تارىخىنىڭ نەشر قىلىنىش - قىلىنماسلىقىغا ھەممىدىن بەك كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ھازىر جاڭ شۆلياڭنىڭ ئاغزاكى تارىخىنى رەتلەش ئاخىرلاشتى. 1996-يىلى 10-ئايدا ئۇ ئۆزىنىڭ شەخسىي ھۆججەتلىرىنى ۋە ئاغزاكى تارىخ ماتېرىياللىرىنىڭ ھەممىسىنى كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا ھەدىيە قىلىۋەتتى. ئەمما بۇلارنى 6 يىلدىن كېيىن ئاشكارىلاشنى ئۈمىد قىلدى.

جاڭ شۆلياڭنىڭ 4-خوتۇنىدىن بولغان جاڭ يەنلىن «گېنېرال» (جاڭ شۆلياڭ)غا ۋاكالىتەن ھۆججەت ۋە ئاغزاكى تارىخ ماتېرىياللىرىنى كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا ھەدىيە قىلدى. كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى جاڭ شۆلياڭنىڭ بۇ ئىشىغا رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن ئالاھىدە قىممەتلىك قول يازمىلار ساقلىنىدىغان كۇتۇپخانىنىڭ بىر ئېغىز ئۆيىگە «جاڭ شۆلياڭ ۋە جاۋيىخۇ قىرائەتخانىسى» دەپ نام بەردى.

جاڭ شۆلياڭنىڭ ئاغزاكى تارىخنى رەتلەپ چىقىش توغرىسىدىكى قارارى دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ كۈچلۈك ئىنكاسىنى قوزغىدى. ئۇلار گېنېرال بىر مەزگىل سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ «شىئەن ۋەقەسى»دىكى كەچۈرمىشىنى ۋە كېيىن جياڭ جيېشىنىڭ نەزەربەنت قىلىشىغا ئۇچرىغان يېرىم ئەسىرلىك تارىخنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاشكارىلىشى زۆرۈر ئىدى، دەپ قاراشتى، ئەمما بەزىلەر جاڭ شۆلياڭ ئۆزىنىڭ شەخسىي ئارخىپىنى ئامېرىكىنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتىغا تاپشۇرماسلىقى كېرەك ئىدى دەپ قارىدى.

جاڭ شۆلياڭ 1991-يىلى 3-ئايدا تەيبېيدىن ئامېرىكىغا بارغاندا مۇخبىرلارغا ئۆزىنىڭ ئەزەلدىن ئەسلىمە يېزىپ باقمىغانلىقىنى ئويلاشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئېيتقان، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇ، بۇنىڭدىن بۇرۇن گىئورگىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ پەنلىرى بويىچە پروفېسسورى ۋاڭ يەنگە 8 سائەتلىك ئاغزاكى تارىخنى ئۈنئالغۇغا ئالدۇرغان، بۇ ئاغزاكى تارىخمۇ ھازىرغىچە ئاشكارىلانمىدى.

جاڭ شۆلياڭنىڭ كۆز يۇمۇشتىن ئاۋۋال چوڭ قۇرۇقلۇققا كېلىش- كەلمەسلىكى دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى جۇڭگولۇقلار كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە بولۇپ قالدى. جاڭ شۆلياڭ ھەر قېتىم مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، شەرقىي شىمالدىكى يۇرتىغا بىر قېتىم بېرىشنى ئويلاۋاتقانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئەمما ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىدى. نۇرغۇن كىشىلەر بۇنى ئۇنىڭ تەيۋەن دائىرىلىرىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشنى خالىمايدىغانلىقىدىن بولۇۋاتىدۇ، دەپ قارىدى.

(07)

(مەتتۇرسۇن قاسىم، ئەلى غوپۇر. ت)

(«تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1998-يىلى 2-سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)

# كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان «ھايۋانات دوختۇرخانىسى»

تەبىئەت دۇنياسىدا كېسەل داۋالىيالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە ھايۋانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشىنەمسىز؟ جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى بولىۋىيە ئىسسىق بەلۋاغ ئورمانلىقىدا ياشايدىغان ھىندىئانلار دالىدا پائالىيەت قىلىش جەريانىدا، بىرتۇقۇچ ھايۋان، زەھەرلىك يىلان تەرىپىدىن زەخىملەنگەندە، ئۇلارنىڭ ئالدى بىلەن ئىزدەيدىغىنى دوختۇر بولماستىن بەلكى «بوكى» (كامال تاپقان دوختۇر) دەپ ئاتىلىدىغان چوشقا ئىكەن. بۇ چوشقىدا بىر خىل ئالاھىدە ئىقتىدار بولۇپ، پەقەت يارا ئېغىزىغا تىلىنى تەگكۈزۈپ قويسىلا قان توختاپ زەھەر قايتۇرۇلۇپ، ئىششىقى يېنىپ، مەيلى قانچىلىك ئېغىر دەرىجىدە يارلانغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىر نەچچە سائەتتە قالماي ساقىيىپ كېتىدىكەن. شۇڭلاشقا ئۇچۇن يەرلىك ئاھالىلەر ئويلىمىغان ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇ خىل چوشقىنى باقىدىكەن.

گېرمانىيىدە تاز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كىشىلەر بەك كۆپ بولۇپ، ھازىرغا قەدەر بۇ خىل كېسەلنى داۋالاشنىڭ ئۈنۈملۈك دورىسى تېپىلمىغان. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، گېرمانىيىنىڭ باۋارىيە رايونىدىكى بىر چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ ئىگىسى بىر نەچچە ساغلاملىقشۇناس بىلەن بىرلىشىپ ئىشلىگەن بىر قېتىملىق تەجرىبىدە، تاز كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ بېشىنى مەخسۇس چېنىقتۇرۇلغان سېغىن كالىغا يالاتقۇزۇپ داۋالىغاندا قايتىدىن چاچ چىققان.

كالا فېرما ئىگىسى «سېغىن كالا ئامبولاتورىيىسى» قۇرۇپ، تىجارەت باشلىۋەتكەن.

تەڭگە تەمرەتكە بىرخىل جاھىل خاراكتېرلىك تېرە كېسىلى بولۇپ، ئۇنىڭغا گىرىپتار بولغانلار ئاسانلا ساقايمايدىكەن. لېكىن تۈركىيىنىڭ كاچار ئارىشىڭدا تەڭگە تەمرەتكىگە ئوخشاش بىر قاتار تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالايدىغان كىچىك بېلىقلار ياشايدىكەن. بۇ بېلىقلاردا «كوللېكتىۋىزملىق روھ» كۈچلۈك بولۇپ، كېسەللەرنى داۋالىغاندا تەشكىللىك كۈچلۈك، خىزمەت تەقسىماتى ئېنىق ئىكەن. ھەر بىرىنىڭ خىزمىتى رەت تەرتىپى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىكەن.

بىمارسۇغا چۈشكەن ھامان 1- تۈركۈمدىكى بېلىقلار يارا ئېغىزىنى چىشلەپ تازىلايدىكەن. 2 - تۈركۈمدىكى بېلىقلار تېرە يۈزىگە يانتۇ تەرەپتىن توختىماستىن ئۇرۇلىدىكەن. 3- تۈركۈمدىكى بېلىقلار ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق داۋالاشنى باشلايدىكەن. بىر نەچچە قېتىملىق داۋالىنىش ئارقىلىق بىمارلار كېسەل ئازابىدىن قۇتۇلۇپ، ئەسلى ھالىتىگە قايتىدىكەن. (03)



### ئەجەب سەن ئۆسمىدىڭغۇ

— قىزىم، بۇ ئىشتا مەن كىچىك دەپ تۇرۇۋالما، قىز بالا دېگەننىڭ نىكاھ ئوقۇلسىلا بويى چارەك ئۆسىدۇ.

— ئاپا، سەن 5 نىكاھلىق بولدۇڭ، ئەجەب بويۇڭ ئۇسمىدىڭغۇ؟

### پارنىكقا

بىر جۈپ قىز - يىگىت كوچا ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ، قىز يىگىتتىن:

— مەن گۈلگە ئوخشايمەنمۇ؟— دەپ سوراپتۇ.

— ئوخشايسىز، — دەپتۇ يىگىت.

— ئەگەر مەن گۈل بولسام مېنى نەگە باشلايسىز؟

## كۈلكە دۇنياسى

— پارنىكقا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يىگىت.

### هازىر ئالماشتۇق

— سىزنى هاراق ئىچىۋالسا قول ئاستىدىكىلەرنى قاتتىق سۆرىدۇ دەيدىغۇ؟

— هازىر ئالماشتۇق.

— نېمە؟ ۋەزىپىڭىزدىن قالدىڭىزمۇ؟

— ياق، مەن خىقنى سۆرگىچە ئىچكەن هاراقلىرىم ئىچىمنى سۆرۈۋېتىدىغان بولۇپ قالدى.

### ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرۈش

ئا: سىز باشلىق تۇرۇپ 7 قەۋەتلىك بىنانىڭ 7- قەۋىتىدىن ئۆي ئاپسىزغۇ؟

ب: ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرەي دەپ.

### يوتقاندا تەرلەش

— دوختۇر، مەن قانچىلىك ۋاقىتتا ساقىيىپ كېتەرمەن؟

— ئوبدان بىر تەرلىسىڭىزلا ئوڭشىلىپ كېتىسىز.

— دوختۇر، مەن ماشىنىنى ئېلىپلا رېستوراندا قاتتىق تەرلىگەن ئىدىم، بولغان ئەھۋالىم مۇشۇ، ئەمدى تەرلىسەم...

— ئەمدى رېستوراندا ئەمەس يوتقاندا تەرلەڭ.

### مېكىيان ئېلىپ كەلدىم

دوختۇر: مەن سىزنى توخۇم ئېلىپ كېلىڭ دېسەم سىز مېكىيان ئېلىپ كەپسىزغۇ؟

كېسەل: پۈتۈن بازارنى ئاختۇرۇپ توخۇم تاپالمىدىم، شۇڭا ئۆيدىن بۇ مېكىياننى ئېلىپ كەلدىم.

### ئىشكنى ئېچىۋېتىش

بىر مۇخبىر بىر يېزا ئايالدىن:

## كۈلكە دۇنياسى

— ئىسلاھات، ئىشكنى ئېچىۋېتىش ئائىلىڭىزلەرگە قانداق يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى؟ — دەپ سوراپتۇ. هېلىقى ئايال:

— ئاخشىمى ئىشكنى ئېچىۋەتسەم يولدىشىم قاۋاقخانىدا بەمۇزۇر هاراق ئىچىدىغان بولۇپ قالدى. كۈندۈزى ئىشكنى ئېچىۋەتسەم هويلىدىكى توخۇلار سىرتقا يۈگۈرۈپ قاتناش ۋەقەسى پەيدا قىلىدىغان بولۇپ قالدى، — دەپتۇ.

### چۈش

قىز: كېچە چۈشۈمدە قولىمىزغا نۇرغۇن پۇل كېرىپتۇ، مەن ئۇ پۇللارنى ساناپ تۈگىتەلمەپتىمەن. ئەھۋالدىن قارىغاندا بىز توي قىلغاندىن كېيىن پۇللۇق بولىدىغان ئوخشايمىز.

يىگىت: نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈيسىز، ئادەم دېگەن ئۆزىنىڭ قۇربى يەتمەيدىغان نەرسىلەرنى

چۈشەيدىغان نەرسە.

قىز: ئۇنداقتا سىزنىڭ چۈشىڭىزدىكى ئىككىمىزنىڭ تـوي قـىلغان كۆرۈنۈش مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىش ئىكەن- دە؟!

## ئالماشقان ئاتا-بالا

بىر كىشى كونا بىر ئۈلپەتدىشىنى يوقلاپ كەلسە ئـۈلپـەتدىـشـى يوق. ئۇنىڭ 2 ئوغلى پىۋا ئىچىپ ئـولتۇرغۇدەك. (بۇرۇن بۇ بالىلار ئاتىسى ئولتۇرغان سـورۇندىـكـى بىـكار بولغان بوتولكىلارنى سېتىپ خەجلەيدىكەندۇق.) ھېلىقى ئادەم بالىلاردىن:

- داداڭلار قېـنى؟ دەپ سوراپتۇ. ھېلىقى بالىلار شىركەيىپ ھالدا:

- دادام بىـلـەن ئانام بوتولكا ساتقىلى كەتتى- دېگۈدەك.

## كۈلكە دۇنياسى

## رەسىم سوۋغا قىلىش

- قىزىم سۈرەتىڭىزنى ھەرگىز خەققە بېرىپ يۈرمەڭ، باشقىلارغا سۈرەت سوۋغا قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى ئەمەس.

- بىـلمەن ئاپا، شۇڭا باشقىلار مەندىن سۈرەت سـورىـسـا، مەن ئۇلارغا سۈرەت بەرمەي سۈرەتنىڭ نېگاتىپىنى بېرىمەن.

## مەيخورنىڭ جاۋابى

بىـر كـىشـى دائىـم هاراق ئىچىپ يۈرۈيدىغان خىزمەتدىشىدىن:

- بۇ جايدىن ئۆيىڭىزگە قانچىلىك ۋاقىتتا يېتىپ بارالايسىز؟ - دەپ سوراپتۇ. خىزمەتدىشى:

- مـەست ۋاقتىـمدىمۇ ياكى ساق ۋاقتىمدىمۇ؟- دەپتۇ.

- ئەلۋەتتە ساق ۋاقتىڭىزدا.

- ئۇنداقتا دەپ بېرەلمەيمەن. چۈنكى مەن بىرەر قېتىممۇ ئۆيۈمگە ساق قايتىپ باقمىغان، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## سېخ مۇدىرىنىڭ چارىسى

زاۋۇت باشلىقى ئۆزى ئۆستۈرگەن سېخ مۇدىرىنى يېنىغا چاقىرىپ:

- بـۈگـۈندىن باشلاپ قول ئاستىڭدىكىلەرگە قاتتىق قول بول. ئۇنداق قىلمىساڭ ئۇلار ئۈستىڭگە چىقىۋېلىپ سېنى ئىش قىلدۇرمايدۇ، - دەپتۇ. بۇ چاغدا سېخ مۇدىرى دەرھاللا:

- خـاتىرجەم بولۇڭ باشلىق، ئۇلار ھەرگىزمۇ مېنىڭ ئۈستۈمگە چىقالمايدۇ. چۈنكى مەن ئائىلەم بىلەن ئىشخانەمنى بىنانىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىگە

## كۈلكە دۇنياسى

يۆتكەپ بولدۇم، - دەپتۇ.

## سوۋغات

- تـوي قـىلـىشقـا پۈتۈشتۇق دېۋاتقانتىڭلار، قانداقىسىگە ئايرىلىپ كەتتىڭلار؟

- ئۇ ماڭا نۇرغۇن كىتاب سوۋغا قىلغانىدى، مـەنمـۇ ئـۇنىڭغا ئۆزۈم ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىتابتىن بىرنى سوۋغا قىلغانىدىم، ئۇ شۇ كىتابنى ئوقۇۋېلا مېنى تاشلاپ كېتىپ قالدى.

ئـىككـىڭلارنـى ئايرىۋەتكەن ئۇ زادى قانداق كىتاب؟

- «قانداق قىلغاندا كۆڭۈلدىكىدەك لايىق تاپقىلى بولىدۇ» دېگەن كىتاب ئىدى. (08)

(مۇرات ناسىر يازغان)

## يېڭى ئىسلاھاتتا...

بۇندىن كېيىن يېڭى ئىسلاھات سىياسىتىدە 9 جەھەتتە ئۆزگىرىش بولمايدۇ: 1. گوۋۇيۈەننىڭ (1994) 43 - نومۇرلۇق «قارارى»؛ 2. 2000 - يىلىدىكى ئۇلنۇراق يېڭى تۈزۈلمە نىشانى؛ 3. جامائەت فوندى تۈزۈمى؛ 4. جامائەت فوندى، باشقۇرۇش پرىنسىپلىرى؛ 5. ئىجارە ھەققى پۈتۈن ئائىلە كىرىمىنىڭ% 15 نى ئىگىلەش ۋەزىپىسى؛ 6. ئۆلچەملىك باھانى تەدرىجىي ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۆينى تەننەرخ باھا بويىچە سېتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ 7. قىسمەن مۇلۇك ئىگىدارچىلىقىدىن ئومۇمىيۈزلۈك مۇلۈك ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتۈش تەلىپى؛ 8. تېجەشلىك يېڭى بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش خىزمىتى؛ 9. ئۇلنۇراق يېڭى كەسپىنى خەلق ئىگىلىكىنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇش مۇددىئاسى قاتارلىق جەھەتلەردە ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگىرىش بولمايدۇ. (07)

(گەلى. ت)

## ياۋروپادا ئەڭ كۆپ...

«ئەنگلىيىلىكلەر چەت ئەل تىلىنى بىلمەيدۇ» دېيىدىغان نامىنى ساقلاپ كەلمەكتە. گەرچە ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ نەزەرىدە ئەنگلىيە ياۋروپادا مۇھىم ئورۇندا تۇرمىسىمۇ، لېكىن ئىنگلىز تىلى ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان تىلغا ئايلاندى. تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، ئىرلاندىيىدىن باشقا ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر ئىچىدە پەقەت ئەنگلىيىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدىلا ئىككىنچى تىل ئۆتۈلمەيدىكەن. لېكىن فىنلاندىيە، گوللاندىيە ۋە ليۇكسېمبۇرگلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ 2 - 3 خىل چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشى ئادەتتىكى ئىش ئىكەن.

بۇ توغرىلىق ئېلان قىلىنغان ستاتىستىكا ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، ياۋروپادا ھازىر % 90 كىچە ياش - ئۆسمۈر ئىنگلىز تىلىنى ئىككىنچى تىل قاتارىدا ئۆگىنىدىكەن.(07)

(رەپقەت رەخىم. ت)

## «زەمزەم»نىڭ پەيدا بولۇشى

سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ مەككە شەھىرىدە «زەمزەم» دېيىلىدىغان بىر بۇلاق بار. «زەمزەم» دېگەن ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ «توختام سۇ»، «بۇلاق سۈيى» دېگەن مەنىسى بار. ئىسلام رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىشىچە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئايالى ھەجەر بىلەن ئوغلى ئىسمائىلنى ھازىرقى «زەمزەم بۇلىقى» ئەتراپىدا بىر خالتا خورما ۋە بىر قاپاق سۇ بىلەن تاشلاپ قويۇپ مەدىنىگە قايتماقچى بولغان. ھەجەر ئىبراھىمدىن: «ئاللا سىزنى مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرىغانمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ: «ھەئە، شۇنداق» دېيىلا جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە قايتىپ كېتىدۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئانا - بالا ئىككىسىنىڭ ئوزۇق - تۈلىكى تۈگەپ سافا ۋە مەرۋە تېغىنىڭ ئارىلىقىدا ئالدى - كەينىگە 7 قېتىم يۈگۈرۈشىدە ھەجەرنىڭ كۆز ئالدىدا بىر قۇشقا ئوخشاش پەرىشتە يەرگە چۈشكەنلىكى كۆڭلىگە ئايان بولىدۇ. شۇ پەرىشتە چۈشكەن يەردىن ھازىرقى «زەمزەم» پەيدا بولغان.(07) (يۈسۈپ ئەيساھاجى)

## مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ...

«ئۆرلەپ - تۆۋەنلەش، پايدا زىيىنى ئېنىق بولۇش» - 1997 - يىلى مەملىكىتىمىزنىڭ ئاكسىيە بازىرىنىڭ بىردىنبىر ئالاھىدىلىكى. ئۇنداقتا، مەبلەغ سالغۇچىلار پايدىغا ئېرىشتىمۇ يوق؟

تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا، % 51.7 كىشىلەر پايدىغا ئېرىشتۇق، دەپ ھېسابلىغان. % 29.9 كىشىلەر زىيانغا ئۇچرىدۇق، دېگەن. پايدىغىمۇ - زىيانغىمۇ ئۇچرىمىغانلار بولسا % 18.4 نى ئىگىلىگەن. ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، % 10 ئەتراپىدىكى پايدىغا ئېرىشكەنلەر % 17.9 نى، % 20 - 50 ئەتراپىدا پايدىغا ئېرىشكەنلەر % 20 نى، % 50 - 100 ئەتراپىدا پايدىغا ئېرىشكەنلەر % 8.7 نى، % 100 پايدىغا ئېرىشكەنلەر % 5.1 نى ئىگىلىگەن.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ 3 تىن 1 قىسمىدىن كۆپرەكى 1997 - يىلدا % 10 - % 50 كىچە پايدا ئالغان. (07)

(گامىلە كېرەم. ت)

# يود كەملىك كېسلى ۋە يودلۇق تۇز ئىشلىتىش توغرىسىدا

★ مۇھەممەت يۈسۈپ ★

يود ـ ئادەم بەدىنىگە زۆرۈر ئېھتىياجلىق بولغان زېھنىي قۇۋۋىتىنىڭ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنت.

يود قالقانبەز گورمۇنىنى بىرىكتۈرىدىغان خام ئەشيا بولۇپ، ئادەم بەدىنىدە يود كەمچىل بولسا، يود كەملىك كېسلى پەيدا بولىدۇ.

يود كەملىك ھامىلدار ئاياللاردىكى ھامىلىنىڭ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. باللارنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتىنىڭ يېتىلىشىنى ئاستىلىتىدىغان ۋە ئۆمۈرلۈك تۈزەلمەيدىغان زىيىنى ئەڭ ئېغىر كېسەللىك. يود كەملىك قانچىكى ئېغىر بولسا زېھنىي قۇۋۋىتىنىڭ يېتىلىشىگە بولغان تەسىرى شۇنچە چوڭ بولىدۇ.

يود كەملىك يەرلىك قالقانسىمان بەز ئىششىش (پوقاق)، گومۇش، گاس- گاچا، پالەچ، پاكار بولۇپ قېلىشتەك يەرلىك كىرېتىزىم كېسەللىكلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا باللاردا يەڭگىل ھالدىكى ئەقلىي قابىلىيىتى تۆۋەنلەش، ئاڭلاش ئىقتىدارى ئاجىزلاش، ئىنكاسى ئاستىلاش، ھەرىكىتى نورمال بولماسلىق، تەن قۇرۇلۇشى ۋېجىك بولۇپ قېلىشتەك كىرېتىزىسمان كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

ھامىلدار ئاياللاردا بويىدىن ئاجراش، ئاي كۈنى توشماي تۇغۇش، ئۆلۈك تۇغۇش، غەيرىي تۇغۇش، گاس ـ گاچا تۇغۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىنتايىن مۇھىم.

ھازىر يود كەمچىل كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، يودلۇق ماي سۈيۈقلۇقىنى ئوكۇل قىلىش، يود كومىلچى ئېچىش، يود قوشقان ئاش تۇزى ئىستېمال قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى يود قوشقان ئاش تۇزى ئىستېمال قىلىش ئەڭ ئۈنۈملۈك، ئەڭ ئاددىي ئالدىنى ئېلىش چارىسىدۇر. ئۇزۇن مۇددەت يود قوشقان تۇزنى ئىستېمال قىلغاندا، قالقان بەز گورمۇنىدا ياخشىلىنىش بولىدۇ.

يود قوشقان تۇزنى ئىستېمال قىلىش يود كەملىك كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئۈنۈملۈك چارە بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ئوخشاش بولمىغاچقا، يود قوشقان تۇزنى ئىشلىتىش ئۇسۇلىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى



بىرنەچچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش لازىم.

1. يودلۇق تۇز سېتىۋالغاندا، دۆلەت ئۆلچىمىگە يېتكەن ئۆلچەملىك يودلۇق تۇز سېتىۋېلىش لازىم. يود تۇز سېتىۋالغاندا، بىر قېتىمدا كۆپ سېتىۋالماسلىق كېرەك. سېتىۋالغان تۇزنى ساقلىغاندا، كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان، شامال ئۆتۈشمەيدىغان ئورۇندا ساقلاش كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، يود تۇز پارغا ئايلىنىدىغان مىكرو ئېلېمېنت بولغاچقا، شامال ۋە ئىسسىقلىققا ئۇچرىسا، ئاسانلا پارغا ئايلىنىپ كېتىپ، يود تولۇقلاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ.

2. هازىر كۆپىنچە ئائىلىلەردە يودلۇق تۇز ئىشلەتكەندە، تۇزنى تۇزلۇق قاچىغا چىلاپ ئىشلىتىدۇ. كۆپىنچە ئائىلىلەر تۇز چىلىغان قاچىنى قازان بېشىغا يېقىن، ئاغزى ئوچۇق، ئاسان ئىسسىق ئۆتىدىغان ئورۇنغا قويىدۇ، بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس. بۇنداق قىلغاندا، تاماق ئەتكەندە، قازان بېشىدىكى تۇز چىلانغان قاچا قىزىپ، ئەسلى تولۇقلىماقچى بولغان يود ئىسسىقلىقنىڭ تەسىرىدە پارغا ئايلىنىپ كېتىپ، ئېھتىياجلىق بولغان يودنى تولۇقلاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇچۇن تۇز چىلىغان قاچىنىڭ ئاغزىنى چىڭ ئېتىپ، سالقىن، ئىسسىقلىقنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان ئورۇنغا قويۇپ ئىشلىتىش لازىم.

3. بەزى ئائىلىلەردە تاماق ئەتكەندە ۋە ھەر خىل قورۇمىلارنى قورۇغاندا، تۇزنى قىزىغان ياغقا سالىدۇ، بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس. بۇنداق قىلغاندا ئىسسىقلىق تەسىرىدە تۇز تەركىبىدىكى يود پارغا ئايلىنىپ كېتىپ، يود تولۇقلاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇچۇن يودلۇق تۇزنى ئىشلەتكەندە مەيلى قورۇما ياكى تاماق بولسۇن پىشىپ بولۇپ ئالدىغان ۋاقىتتا، يودلۇق تۇز قويۇش كېرەك. (05)

(ئىسمائىل ئىبراھىم فوتوسى)

## جىنسىي كېسەللىك بىمارلىرى ئۈچۈن خۇش خەۋەر

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇتقا ئېخنىكىلىق يېتەكچىلىك قىلىش ئورنى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كۆپىيىش سىستېمىسىغا دائىر تەتقىقات ۋە داۋاش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆز ساھەسىدە نوپۇزلۇق ئورگان بولۇپ قالدى. بۇ ئورگاندىكى تەجرىبىلىك دوختۇر ئەركىن ھاشىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن «بوغدا ئامبولاتورىيىسى» ئەر-ئاياللارنىڭ پەرزەنت كۆرەلمەسلىكى، ئەرلەردىكى جىنسىي ئاجىزلىق، سۆزنەك، سىپلىس ۋە باشقا ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى ئۈنۈملۈك داۋالاپ، ھەر مىللەت بىمارلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇ ئامبولاتورىيە يەنە تۇغۇتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، دورا بىلەن بالا چۈشۈرۈش، سۈننەت قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزگىچە ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە. «بوغدا ئامبولاتورىيىسى» بىمارلارنىڭ كېلىپ كېسەل كۆرسىتىشىنى، تېلېفون ياكى خەت ئارقىلىق مەسلىھەت سورىشىنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ، دىم ئېلىش كۈنلىرىمۇ كېسەل كۆرىدۇ.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى بۇلاقبېشى كوچىسى 153- قورۇ يەنى رابىيە قادىر سودا سارىيى ئالدىدىن ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى تەرەپكە 200 مېتىر ماڭسىڭىز بولىدۇ.

تېلېفون: 2306919

ئالاقىلەشكۈچى: ئەركىن دوختۇر

ئەنۋەر دوختۇر

يېقىندا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىشى بىلەن ئاقسۇدا بىر نۇقتا قۇرۇپ رەسمىي ئىش باشلىدى. ئاقسۇدىكى ئورۇننىڭ ئادرېسى: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسى 3 - قەۋەت.

# بۈگۈنكى «ئايالىدىن قورقىدىغان ئەر» لەر قارىشى توغرىسىدا

★ ھاياتنىيازى مۇھەممەت ★

كۈندىلىك تۇرمۇشتا، بولۇپمۇ ئەرلەر ئارىسىدا ئۆزئارا «خوتۇنىدىن قورقىدۇ» دېگەن پاراڭلار بولۇپ تۇرىدۇ. مەلۇم بىر ئەر بىرەر ئىش قىلىشنى رەت قىلسا، ئەتراپىدىكى باشقا ئەرلەر تەرىپىدىن «خوتۇنىدىن قورقىدىغان» لار قاتارىغا چىقىدۇ. بۇنداق ئاتاش ۋە ئاتىلىش ئەرلەرنىڭ بىۋاستە غۇرۇرىغا، ئەرلەرگە خاس ئەرلىك ئىمتىيازىغا تەسىر يەتكۈزگەندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ئەرلەر شۇنداق ئاتىلىپ قالماسلىقنى ئۈمىد قىلىدۇ، بولۇپمۇ دوستلارغا بۇنداق ئەرلەرنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر يەتكەندەك تۇيغۇ بېرىپ قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ، ئىناۋەتكە بېرىپ تاقىلىدىغان مەسىلە بولماستىن، بەلكى بىر خىل ئىلمىي ۋە ئەمەلىي مەسىلە.

بىر ئائىلە ۋە ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىگە، ئىستېمال قارىشى، جەمئىيەتتىكى رولىغا شۇنداقلا مەسىلىلەرگە نىسبەتەن كىمنىڭ پائالىيەتچانلىقى كۈچلۈك، ئىنكاسى تېز ۋە توغرا بولسا، مۇقەررەر ھالدا شۇنىڭ پىكرى بويىچە ئىش كۆرۈلسە بولىدۇ. ھازىرقى دەۋردىكى نىكاھ ئائىلە مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئەر - ئاياللارنىڭ ئۇنىڭغا قويىدىغان تەلەپلىرى يۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ قاتلاملىشىپ، ئىجادىي بولغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تۈسىگە يۈزلىنىۋاتىدۇ.

پەقەت ئەرنىڭ تېپىپ ئەكىرىپ بەرگىنىنى سەرپ قىلىپلا تاماق ئېتىپ ھەر ھالدا پەرزەنتلىرىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ، كىيىم - كېچىكىنى تولۇقلاپ بېرىپ، ئەرنىڭ جىسمانىي تەلەپلىرىنى قاندۇرۇش شەكلىدىكى ئائىلە مۇناسىۋىتى ئاستا- ئاستا شاللىنىپ قېلىۋاتىدۇ. ھازىرقى كۆپىنچە ئائىلىلەرنىڭ بۇزۇلۇشىنى قانداقتۇر ئەرنىڭ ياكى ئايالنىڭ بۇزۇلۇشى دېگەندىن كۆرە جەمئىيەت ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت ئاڭ قاتلىمى بىلەن ئائىلە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلالمىغانلارنىڭ شاللىنىشى دېگەن تۈزۈك، ھېچقانداق ئادەم ئۆز تۇرمۇشىغا، ئائىلىسىگە ئاسانلىقچە ئويۇنچۇق قاتارىدا مۇئامىلە قىلمايدۇ. ئۇ ھېچ بولمىغاندا ئەلنىڭ، ئاۋامنىڭ ئەيىبلىشىدىن قورقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماددىي، مەنىۋى ئېھتىياجى بەك يۇقىرى كاپالەت دەرىجىسىدە بولمىسىمۇ ھەر ھالدا نورمال ئىستېمال دائىرىسىدە مەنپەئەتلەنسىلا كۆپىنچە كىشىلەر



ئائىلىسىدىن ئاساسىي جەھەتتىن رازى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى جەمئىيەتتە توي قىلىش سېلىقلىرىمۇ بىر بېسىم ھەمدە كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ھەقىقىي ئۆي تۇتۇشقا مۇۋاپىق بىرەرسىنى تېپىشمۇ تەسكە چۈشۈۋاتىدۇ. مۇھەببەتنىڭ تەبىئىي ئاساسىي ئاجىزلىشىپ، ئىجتىمائىيلىشىپ بېرىشى كىشىلەردە «بۇ ئارىلىشىپ ئۆتۈشكىلا بولىدىكەن، توي قىلىشقا بولمايدۇ» دەيدىغان تەسىرنى بېرىپ قويىدىغان ئەھۋاللار كۆپەيمەكتە. بۇنداق بولغانىكەن بىر ئائىلىنى بۇزۇش ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن ئۇنداق ئاسان ۋە ئاددىي قارايدىغان ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ئەر - ئاياللىق تۇرمۇش نوقۇل ھالدا پەرزەنت كۆرۈش ئۈچۈنلا بولمىغانىكەن، ئەر - ئايال بۇ خىل تۇرمۇشنى مەنىۋى جەھەتتىنمۇ بىر - بىرىگە تەلپۈنۈپ تۇرىدىغان، ئۆزئارا چۈشەنگەن، ھۆرمەتلىگەن ئاساستا يول قويىدىغان ئىچ - ئىچىدىن بىر خىل تەبىئىي مېھرى چەكسىزلىكىدىكى كۆيۈنۈش يۈنىلىشىگە بۇراش كېرەك. بۇنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى يەنىلا ئائىلىنىڭ ئومۇمىي دائىرىسىدىكى ئىستېمال قارىشى ۋە مۇناسىۋەت دائىرىسىدە شەكىللىنىدۇ، يەنى ئۆزئارا ۋە باشقىلار بىلەن بولغان ئالاقە سەنئىتى، ئۇرۇق - تۇغقانلار، ئاتا - ئانا ۋە پەرزەنتلەر مۇناسىۋىتى، شۇنداقلا ئائىلىنىڭ ھەر خىل ئېلىم- بېرىم، سودا- سېتىقلىرى، ئائىلە ئىقتىسادىنىڭ مۇۋاپىق باشقۇرۇلۇشى قاتارلىقلاردىكى ئەر - ئايال مۇناسىۋىتىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ، ئۆزىنى كۆرسىتىش ئەمەس، ئەمەلىيەتچانلىق بىلەن قارشى تەرەپنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويمىغان ھالدا دادىل يول كۆرسىتىش ۋە قارشى تەرەپنىڭ پىكرىنىمۇ ئاڭلاش، قوبۇل قىلىش، ئۆزئارا ئورتاق كېڭىشىش، خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە ئېتىبار بەرگەن ئاساستا يول قويۇش ئارقىلىق، ئۆزىنى ئۆزىگە سوتلاتقۇزۇپ ئىشنى ياخشى تەرەپكە بۇراش ئەڭ ياخشى ئۈنۈم بېرىدىغان مۇناسىۋەت شەكلىدۇر. بۇ خىل ئۇسۇلدا قارشى تەرەپ ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىنى ئۆزى سوراپ، تەبىئىي ھالدا قارىشىنى، مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتىدۇ. بۇنداق تەسىر كۆرسىتىش - كۆرسەتمەسلىك، قارشى تەرەپنىڭ خاراكتېرىدىكى ماھىيەتلىك تەرەپلەرنى تۇتۇۋېلىپ جانلىق ئۇسۇل قوللىنىش ياكى قوللىنالماسلىقتا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ ھېسسىياتقا، ئىدىيىگە، تەپەككۇرغا ئىگە ئىنسان بولغانىكەن، خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئوبدان ئىگىلىسىڭىزلا ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتەلمەي قالمايسىز. بۇنداق قىلماي ئاياللار تولا كوتۇلدايدىغان ئۇسۇلنى ياكى قارشىلىقنى ئىپادىلەيدىغان ئۇسۇلنى قوللانسا مۇناسىۋەت نوقۇل ھالدا بۇزۇلىدۇ.

ئادەم ئۆزىنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىدە، گەپ- سۆزلىرىدە ئالدامچىلىق قىلالىسىمۇ ئۆز خىياللىرى ئالدىدا، ئۆزى ئالدىدا مەڭگۈ ئالدامچىلىق قىلالمايدۇ، ئۆزىنى ئالدىيالمايدۇ، شۇڭا ئادەمدە روھ، مەنىۋىيەت مەۋجۇت. شۇڭا ئۇ ھېسسىياتقا، ئارزۇ- ھەۋەسكە ۋە پائالىيەتچانلىققا ئىگە «ئادەم» دەپ ئاتالغان. پەقەت ئادەملەرنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىغاندىلا ئادەملەر ئارىسىدا كۆڭۈلسىز، مەنىسىز ياشاپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

ئەرلەرنىڭ ئاياللاردىن «قورقۇش» مەسىلىسىنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇ يۇقىرىقىلاردىن جۇغلانغان بىر خىل مايىللىقتۇر. بۇ ئاشۇ ئەرگە ئايال بولغۇچىنىڭ مەلۇم تەرەپتىكى ئىقتىداردىن ئىبارەت بولۇپ، ئېپى بار، پەمى بار ئاياللارلا ئەرلىرى ئالدىدا شۇنداق قارىلىشقا مۇناسىپ. بۇنداق ئاياللاردىن ئەرلىرىمۇ پەخىرلىنىدۇ، ئۇنى، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. بۇنداق ئاياللار ئائىلە ۋە ئائىلىنى چۆرىدىگەن مۇناسىۋەتلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشقا ماھىر بولۇپ ئەرلەرگە بېسىم، ئائىلە

يۈكى ئېلىپ كەلمەيدۇ. ھازىرقى جەمئىيەتتە قايسىبىر ئەر يۇرۇش - تۇرۇش، مۇئامىلىلىرىدە گەپ كەتمەيدىغان قابىل قىز بىلەن توي قىلىشنى خالىمايدۇ؟ دوستىڭىزنى «ئايالىدىن قورقىدۇ» دەپ ئەيىبلەپ قاراملارچە ئەرلىك ھېسسىياتىڭىز بىلەن ئالچاڭلاپ، ئايالىڭىزنى ئىختىيارسىز ھالدا ئويلاپ مەلۇم بىر تەرەپلەردە ئۆزىڭىزمۇ ئۇھ تارتىپ قويىدىغانسىز.

ئىقتىدارسىز ئايال قانداق قىلىپ باشقىلارنى جەلپ قىلىشنى بىلمەيلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىمۇ ئىپادىلىيەلمەيدۇ. ئۇنداقتا بۇنى قانداقتۇر بىر ئائىلىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان، پەرزەنت تەربىيىلەيدىغان، بىر ئەركىشىنى ئەر قىلىپ تۇرالايدىغان ۋە ئۇنىڭغا ھەقىقىي مېھرىبان، سەپەرداش بولۇپ ئىللىقلىق يەتكۈزۈش بىلەن بىرگە ئۆزىنىمۇ تۇتالايدىغان، ئىپادىلىيەلەيدىغان ئاياللىق سەنئىتىگە ئىگە دېگىلى بولىدۇ؟ مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، بىر ئائىلىدە كىم قايسى ئىشنى قاملاشتۇرۇپ قىلىپ مەلۇم ئۇنۇمگە ئېرىشەلىسە ئەر- ئايال كېلىشەلىسە شۇنى داۋاملاشتۇرۇۋەرسە بولىدۇ.

بىر ئائىلىدىكى ئەر ياكى ئايالنىڭ قايسىبىرسى قارشى تەرەپنى مايىل قىلىۋالالىسا، قارشى تەرەپ قوبۇل قىلالىسىلا بۇ ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. قارشى تەرەپكە قايىل بولغان ئاساستا يول قويۇش ئائىلە مۇناسىۋەتنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىدىكى مۇھىم ئاساس.

ئەگەر ئاياللاردا ئازراق بولسىمۇ مۇستەقىل پىكىر قىلالايدىغان تەپەككۇر، ئاچچىقىنىمۇ، تاتلىقىنىمۇ كەلتۈرەلەيدىغان مىجەز - خۇلق، ئۆزىنى قەدىرلەش، ئىپادىلەش سەنئىتى بولمىغان بولسا ئەرلەر مەڭگۈ بويتاق ئۆتكەن بولاتتى. مۇھەببەت دېگەن نەرسىمۇ قىممىتىنى يوقاتقان بولاتتى ياكى مەۋجۇت بولمايتتى. (07)

## ھېكمەت دوردانىلىرى

△ پاسىق ئالىم دانا بولسىمۇ، ئۆز نەپسىگە زالىمدۇر، بېخىل باي نادان، ئۆز يانچۇقىغىلا مۇھاپىزەتچىدۇر.

△ بۆرىنى قوزا بىلەن سەمرىتكەن كىشى بارلىق ھايۋاناتقا رەھىمسىزدۇر.

△ كۆڭۈل خەزىنىسىدە گۆھەر بارلىقى ياكى ئۇششاق سەدەب بارلىقى سۆزىدىن بىلىنىدۇ.

△ قىلىقى سەتنىڭ خۇيى يامان بولىدۇ، ئاچچىقى يامانىنىڭ قاپىقى سەت بولىدۇ. قاپىقى يامان، قىلىقى سەت قەيەرگە بارسا بىر بالاغا گىرىپتار بولىدۇ.

△ كۆڭۈل مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى ساقلىقتۇر. بەدەنىنىڭ ساغلاملىقى ۋە ساغلاملىقىنىڭ بۇزۇلۇشى كۆڭۈل ساغلاملىقىنىڭ بۇزۇلۇشىغا باغلىقتۇر.

△ مۇلايىم سۆز ياۋايىلارنى دوستلۇققا باشلايدۇ.

△ بىرسىگە يالغان بىلەن تۆھمەت قىلغان كىشى ئۆزىنىڭ قارايغان يۈزىنى داغلىغان بولىدۇ.

△ بېخىلنىڭ مېلىنى ئاسراشتىن مېھنىتى قاتتىق. ھەسەتخورنىڭ پەس خۇي - پەيلىدىن تۇرمۇشى ئاچچىق. (03)

ـ ناۋائى

(گېزىت ئاتاۋۇللا سارتېگىن تەييارلىغان)

## باش قەھرىمان - بازاروپ

روسيينىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى تۇرگېنېۋ «ئاتا ۋە بالا» ناملىق رومانىنى يېزىش داۋامىدا 2 يىل ۋاقىت ئاجرىتىپ باش قەھرىمان بازاروپ ئۈچۈن كۆندىلىك خاتىرە يېزىپ ماڭغان. ئۇ ئىلگىرى ئوستروۋسكىغا: «بازاروپ دېگەن بۇ شەخس مېنى يەتكۈچە ئازابلىدى، مەن تاماق يېگىلى ئولتۇرغان چېغىمدىمۇ ئۇ دائىم دېگۈدەك كۆز ئالدىمدا پەيدا بولىدۇ. مەن باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىۋاتقان چاغلىرىمدىمۇ ، ئەگەر بازاروپ يېنىمدا بولغان بولسا، ئۇ نېمىلەرنى دېيىدىغان بولغىيتتىكى؟، دېگەنلىرىنى ئويلايتتىم» دېگەن ئىدى. (07)

(گۈلى. ت)

## پۇتبول رېپېرلىرى ...

پۇتبول رېپېرلىرى نېمە ئۈچۈن قارا رەڭلىك كىيىم كىيىدۇ؟ بۇرۇن پۇتبول رېپېرلىرى ھازىرقىدەك مەيدان ئىچىدە يۈگۈرۈپ يۈرمەي، بەلكى كۆرۈش مۇنبىرىدە ئولتۇرۇپ رېپېرلىك قىلاتتى. پۇتبول مەيدانىنىڭ كۆلىمى چوڭ بولغاچقا كۆرۈش مۇنبىرىدە ئولتۇرۇپ قائىدىگە خىلاپ ئەھۋاللارنى بايقاش قىيىن ئىدى. كېيىن رېپېرلارنىڭ پۇتبول مەيدانى ئىچىدە رېپېرلىك قىلىش ھەمدە مەيداندىكى باشقا تەنھەرىكەتچىلەردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن پۇتۇنلەي قارا رەڭلىك كىيىم كىيىشى بەلگىلەندى. قارا رەڭ سۈرلۈك قىياپەتنىڭ سىمۋولى بولۇپ، چەت ئەللەردىكى سۇدىيىلەرمۇ قارا رەڭلىك خىزمەت كىيىمى كىيىدىكەن.

(07) (رىزۋانگۈل . ت)

## مېڭىسىدە رادىئو ...

ئامېريكا فلورىدا شتاتىدىكى مىئامى تېببىي ئىنستىتۇتىنىڭ 3 - يىللىق ئوقۇغۇچىسى رېكېت بىر كۈنى روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىر كىشىنى كۈتۈۋالغان. بۇ كىشى رېكېتقا، ئۆز مېڭىسىدە بىر رادىئو ئىستانسىسى تارقاتقان مۇزىكا ئاۋازىنى ئاڭلىيالايدىغانلىقىنى ئېيتقان.

بۇ بىمارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ مېڭىسىدە مەلۇم بىر رادىئو ئىستانسىسى تارقاتقان سودا ئېلانى ۋە سەھرا مۇزىكىسىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازىنى ئاڭلىيالايدىكەن. بەزىدە ئاۋاز ئارىلىشىپ كېتىپ، ئوچۇق ئاڭلىيالمايدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئۇنىڭ مۇزىكا، خەۋەر ياكى ئېلان ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرەلەيدىكەن. بۇ ھەقتە ئامېرىكىنىڭ بىئولوگىيە تېببىي پەنلەر مۇتەخەسسىسى دوكتور سىلگىمەن مۇنداق قارىغان: مېڭە سۆڭىكىدىكى بىئوخىمىيىلىك ئالقىمادا بىلەن مېتال بومبا پارچىسى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم تەسىر پەيدا بولغان. (07)

(رىزۋانگۈل.ت)

## «‹ئوۋدى›دا ئولتۇرمىسام»

1997 - يىل 5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى خېنەن ئۆلكىسى لوشەن ناھىيىسى شەھەر ئەتراپى مەلۇم كەنتتىكى قىز شى نىڭ تويى بولغان ئىدى. چۈشتىن ئىلگىرى سائەت 9دىن ئاشقاندا قىز يۆتكەشكە كەلگەن ماشىنىلار سىم - سىم يامغۇرغا قارىماي شى ئائىلىسىگە يېتىپ كەلگەن. شى ئەسلى قىز يۆتكەشكە بېكىتىلگەن «ئوۋدى» ماركىلىق ھەشەمەتلىك پىكاپنىڭ «سانتانا» ماركىلىق پىكاپقا ئالماشتۇرۇۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپلا قىز يۆتكەشكە كەلگەنلەرگە «ئوۋدى»غا ئولتۇرمىسام، قەتئىي ئۆيدىن چىقمايمەن دېگەن. قىز يۆتكەشكە كەلگەن ماشىنىلار ئەمدىلا قوزغىلىپ ئۆزۈنغا بارمايلا شى ئۆزىنىڭ قىلمىشىدىن پۇشايمان قىلىپ بۇنداق قىلسام ئۆزۈمنىڭ يۈزى تېخىمۇ تۆكۈلىدۇ دەپ قارىغان ۋە ئۇرۇق - تۇغقان، دوستلىرىنىڭ توسۇشىغا قارىماي يامغۇردا قىز كۆچۈرۈشكە كەلگەن ماشىنىلارنىڭ كەينىدىن تاكى كەنت سىرتىغىچە قوغلاپ ئاندىن يېتىشىۋالغان ھەمدە پۈتۈن بەدەنلىرى پاتقاققا مىلەنگەن پېتى «سانتانا»غا ئولتۇرۇپ توي مۇراسىمىغا دەل ۋاقتىدا قاتناشقان. (07)

(مەنتۇرسۇن قاسىم . ت)

## 21 - ئەسىر ۋە ياشلار

★ ئاھىر ئابدۇۋەلى ★

ئەسلاھات - ئېچىۋېتىشنىڭ نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن خىلمۇ خىل ئۆزگىرىشلەر ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلدۇ، ئىلگىرى تىنچ، بىر خىل رىتىم بىلەن نۇرغۇنلىغان يىللارنى ئۆتكۈزگەن شەھەرلەر ئەمدى كۈچلۈك بازار رىقابىتىنىڭ دولقۇنلىرىغا غەرىق بولۇپ، چەكسىز ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلماقتا. تاڭ سەھەردىلا پۈتكۈل شەھەر كوچىلىرىنىڭ ھەممىلا يېرىدە نېمىلەرگىدۇ ئالدىراپ يۈرگەن مىڭلىغان ئونمىڭلىغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانلىرى ئۈچۈن ئىنتىلمەكتە...

قاراڭ، چوڭقۇر ھاياتىي كۈچكە تولغان رىقابەت ئېكى بىزنى ئالغا بېسىشقا، پارلاق ئىستىقبال، گۈزەل ئەتە ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرماقتا. بىز تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە يېڭى ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ قالدۇق، كونا ئەسىرنى ئۇزىتىپ يېڭى بىر ئەسىرنى كۈتۈۋېلىۋاتقان بۇ ئەھمىيەتلىك دەقىقىلەردە بىز ياشلار 21 - ئەسىرگە قانداق روھ، قانداق نەتىجىلەر بىلەن كىرىشنى ئۆزىمىزنىڭ شانلىق بۇرچى ۋە يۈكسەك مەسئۇلىيىتى دەپ بىلىشىمىز لازىم. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ياش ئوقۇغۇچىلار قايناق ھېسسىياتقا، گۈزەل ئارزۇ - ئىستەكلەرگە باي كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئۆز كەسپىگە بولغان قىزغىن ئىشتىياق، گۈزەل كەلگۈسىگە بولغان ئىنتىلىش، ۋەتەن خەلققە بولغان چەكسىز مۇھەببەت مۇجەسسەملەشكەن بولىدۇ. ئۇلار مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن ھارماي - تالماي تىرىشىدۇ، لېكىن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن بولسا تامامەن شۇنداق بولىدۇ دېيىشكە بولامدۇ؟ چۈنكى ئۇلار جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن قىسمەن جەھەتلەردە چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ.

بىرىنچىدىن، ستۇدېنتلار ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇشىنى غەلىبىلىك تاماملاپ جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن، جەمئىيەتكە چىققانلىقىدىن چەكسىز خۇشال بولىسىمۇ، لېكىن ئاز كۈن ئۆتمەيلا خۇددى بىر نەرسىنى يوقىتىپ قويغاندەك بىئارام بولىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ قايناق مەكتەپ ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئاز ساندىكى ستۇدېنتلار جەمئىيەت ۋە تۇرلۇك تاشقى مۇھىتنىڭ تەسىرى بىلەن ئىلگىرى قايناق ھېسسىياتى ۋە ئارزۇ ئىستەكلىرىنىڭ كۆپۈككە ئايلانغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ. بۇ دۇنيانىڭ قاتتىق رىقابەت دۇنياسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ ئۆزىنى مەغلۇپلار قاتارىغا قوشۇۋېتىدۇ. ئىككىنچىدىن، ستۇدېنتلار مەكتەپ پۈتتۈرگەندە سۆيۈپ ئوقۇيدىغان كەسپلەرنى ئىشلىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ تەقسىم قىلىش سەۋەبىدىن قىسمەن ستۇدېنتلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆگەنگەن كەسپىدىن باشقا كەسپلەرگە تەقسىملىنىپ قالدۇ-دە خىزمەت ۋە كەسپكە بولغان قىزىقىشى بارغانسېرى سۇسلىشىپ كەسپتىن نەتىجە قازىنىش ئىستىكى يوقىلىشقا باشلايدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۇيلىنىش ئارقىلىق ئۆزىدە ئاجىزلىشىپ بېرىۋاتقان نازۇك نوختىلارنى ۋاقتىدا ھېس قىلمىسا ئۆزىنىڭ قەدىر- قىممىتىنى يوقىتىپ رىقابەت دولقۇنلىرىدا چۆشۈپ قېلىشى مۇمكىن.

مەن ئۆتكەن يىلى جەنۇبىي شىنجاڭغا كاماندىروپكىغا چىققان مەزگىلىمدە ئالىي مەكتەپتە بىرگە ئوقۇغان بىر ساۋاقدىشىمنى يولۇقتۇرۇپ قالدىم. ئۇ ئاچچىق موخۇركىدىن قويۇق ئىس چىقىرىپ كونىراپ كەتكەن دوپپىسىنى قولىدا تۇتقىنىچە بېشىنى قاشلاپ قوياتتى. بىز بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن ئۇ مېنىڭ ئۇستىبېشىمغا بىر - قۇر قارىۋالدى

ھەممە ئۇلۇغ كىچىك تىنغىنچە سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئاغىنە سەن ئۆزۈڭ بىلىسەن، مەن ئالىي مەكتەپنى ياخشى نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەن. كەلگۈسىدە داڭلىق بىر ئىقتىسادشۇناس بولۇپ چىقىش ئارزۇيۇم بار ئىدى، لېكىن كۈتۈلمىگەندە مۇشۇ نامرات يېزىغا ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنىپ، ئىلگىرىكى ئارزۇ - ئىستەكلىرىم كۆپۈككە ئايلاندى. ئەمدى كاللامدا خىزمەت ئۈچۈن مائاش ئالماي، مائاش ئېلىش ئۈچۈن ئىشلەشتىن باشقا نەرسە يوق...

مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ دەرھال كاللامدا شەئىخ سەئدىنىڭ: «تەقدىردىن ئاغرىنماي خۇي-پەيلىڭدىن ئاغرىن» دېگەن سۆزى يادىمغا كەلدى ھەممە زېھنىمنى تولۇق يىغۋالغان ھالدا شۇنداق دېدىم:

— دوستۇم، ئىلگىرىكى كۈندىلىك خاتىرەڭنىڭ تېشىغا يېزىلغان: «مەغلۇبىيەتكە باش ئەگمە. قەتئىي باش ئەگمە» دېگەن بىر جۈملە خەت مېنى خۇشال قىلغانىدى. ئەمدى سېنىڭ قىلغان گەپلىرىڭ مېنى بەكمۇ خاپا قىلىۋاتىدۇ. ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ستۇدېنتلارنىڭ مۇھىتنىڭ ئالمىشىشىغا دەرھال ماسلىشىپ كېتەلمەسلىكى ناھايىتى تەبىئىي ئەھۋال، لېكىن، ئادەم ئۆزىنىڭ ئىرادىسى ئارقىلىق يامان ئەھۋاللارنى ئۆزگەرتىۋالالىشى تامامەن مۇمكىن، ۋىليام جامىسنىڭ: «كەيپىياتنى ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى كۈچ قۇۋۋەتكە ئايلاندۇرغاندىلا ئاندىن نەتىجە قازىنىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ» دېگىنىدەك، ھەر بىر ستۇدېنتنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈشتىن بۇرۇنلا ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى مۇستەھكەملەپ، دۇچ كېلىش ئېھتىماللىقى بولغان ھەر قانداق قىيىن ئىشلارغا نىسبەتەن ئالدىن تەييارلىق كۆرۈشى لازىم. شۇنىڭدەك ئۆزىدىكى ھەر قانداق يامان كەيپىيات، ناچار ئەھۋالنى ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى كۈچ - قۇۋۋەتكە ئايلاندۇرالايدىغان، ھەرقانداق مۈشكۈل شارائىتتىمۇ قەتئىي چىدامىلىق بىلەن ئالغا باسالايدىغان، ۋەتەن خەلقنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىدىن چىقالايدىغان، يارامىلىق پولات ئىرادىلىك ئادەم بولۇشقا تىرىشىشى لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئۆزىمىزنى ھەقىقىي ستۇدېنت، جاسارەتلىك ياش دەپ ئېيتالايمىز. دۇنيادا مەشھۇر كەشپىياتچى ئېدىسون كىچىكىدە نامراتچىلىق سەۋەبىدىن مەكتەپ يۈزى كۆرەلمىگەن تۇرۇقلۇق ئۆزىنىڭ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قاتتىق ئىرادە بىلەن تىرىشىپ دۇنياغا داڭلىق كەشپىياتچى بولۇپ يېتىشىپ چىققان. لېكىن بىزنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بەزى كىشىلىرىمىز خىزمەتتە ئۆز كەسپىنى قولىغا ئالالمىغانلىق سەۋەبىدىن نەتىجە قازىنىشقا كۆزى يەتمىسە، كەلگۈسىنى كۆرەلمىسە، بۇ ئادەمنى بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ياشلاردىن تەلەپ قىلىدىغىنى باغدىمۇ، تاغدىمۇ ئوخشاش مېۋە بېرەلەيدىغان كۆچەت بولۇش، ناپولېئوننىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا «ئادەم ياشايمەن دەيدىكەن ئۆزىگە تايىنىشى كېرەك». قىلىۋاتقان خىزمىتى بىلەن سۆيگەن كەسپىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تەبىئىي ئەھۋال بولۇپ، بىر ئىرادىلىك ئادەم بۇنىڭدىن ھەرگىز زارلانمايدۇ. 21 - ئەسىر غايىلىك، ئۈمىدۋار ياشلارغا مەنسۇپ. دۇنيانىڭ گۈزەل كەلگۈسى ئۇلاردىن شانلىق نەتىجىلەرنى كۈتمەكتە. ياش دوستلار بىز قەتئىي ئىرادە بىلەن تىرىشىپ ئۆزىمىزنىڭ ئەتىمىزنى ئۆز قولىمىز بىلەن يارىتىشىمىز لازىم. 21 - ئەسىر چوقۇم بىز ياشلارنىڭ ئەمگىكى بىلەن گۈللىنىدۇ (09)

# چىنلىق بىلەن گۈزەللىكنىڭ مۇناسىۋىتى

## ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە

★ ئەركىن داۋۇت ئوغۇز ★

چىنلىق بىلەن گۈزەللىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە ھەممىدىن بەك تەكىتلىنىدىغان مۇھىم ھالقىلار بولۇپ، بۇ ئىككىسى ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك ھەم پەرقلىق. شۇڭىمۇ چىنلىق گۈزەللىكتىن ئايرىلغان ھالدا، گۈزەللىك چىنلىقتىن ئايرىلغان ھالدا يەككە يېگانە تۇرماستىن، بەلكى بىر - بىرىنى شەرت قىلىدۇ، بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ، بىر - بىرىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

چىنلىق بىلەن گۈزەللىك ئۈستىدە پىكىر قىلغىنىمىزدا ئۇلارنى ئۆزئارا باغلاپ چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ، مۇشۇنداق قىلغاندا گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتىنى ئەتراپلىق، چوڭقۇر تونۇغىلى ۋە چۈشەنگىلى بولىدۇ. گۈزەللىكنى يارىتىش بىلەن گۈزەللىكتىن لەززەتلىنىش ئوخشىمىغان ئادەملەردە ئوخشىمىغان دەرىجىدە بولىدۇ. بۇنى شۇ ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، نەزەرىيە جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشى قاتارلىقلارنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

چىنلىق ۋە گۈزەللىك ئەسلى مەنىسىدىن ئېيتقاندا ئىجتىمائىي ھەم تەبىئىي بولىدۇ. سەنئەتكارلار ئەنە شۇنداق ئىجتىمائىي، تەبىئىي گۈزەللىك ئىچىدە ياشاپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، شۇنداقلا بۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي بەدىئىي تەپەككۇرىنى ئەركىن قويۇۋېتىپ دىققىتىنى چىنلىق ۋە گۈزەللىككە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ چېتىشلىق دائىرىسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىگىلەپ بىرمۇنچە ماتېرىياللارغا ئىگە بولىدۇ ھەم ئاشۇ ماتېرىياللار ئاساسىدا سېلىشتۇرۇش، رەتلەش، مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق ھەقىقىي ماتېرىياللارنى ئايرىپ چىقىپ، مۇئەييەن ئەدەبىيات- سەنئەت ئەسىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭدىكى چىنلىق ۋە گۈزەللىك دەسلەپتىكىسىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئىجتىمائىيلاشقان، تېخىمۇ نەپىسلەشكەن ھەم تەبىئىيلىكى مۇناسىپ گەۋدىلەنگەن بولىدۇ.

گۈزەللىك گەرچە چىنلىق بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولسىمۇ، لېكىن چىنلىق گۈزەللىكنىڭ ئۆزى ئەمەس، چۈنكى گۈزەللىك ئۆزىگە خاس يوسۇن، شەكىل، قىياپەت بىلەن تەبىئەت ھەم ئىنسانىيەت ئالىمىدە ئىپادىلىنىدۇ. گۈزەللىك ئادەتتە تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي گۈزەللىك دەپ ئايرىلىدۇ. تەبىئىي گۈزەللىك ئۆزلۈكىدىن شەكىللەنگەن بولغاچقا، ئۇ كىشىنىڭ ئېڭىغا بېقىنمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.



ئىجتىمائىي گۈزەللىك بولسا ئىنسانلارنىڭ پائالىيەتچانلىقى ئارقىلىق يارىتىلىدۇ. بۇنداق ئىجتىمائىي گۈزەللىككە ئىنسانلارنىڭ ئەقىل ـ ئىدراكى، كۈچ ـ قۇدرىتى، مەقسەت ـ مۇددىئاسى سىڭىپ بارىدۇ، نەتىجىدە ئىجتىمائىي گۈزەللىك يۈكسەك ئەھمىيەتكە ئىگە قىلىنىپ، تەسىرچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان مەنىۋى ھەم ماددىي نەرسىگە ئايلىنىدۇ. مۇشۇنداق ماددىي ۋە مەنىۋى نەرسە سەنئەت ئەسىرىگە ئايلىنىپ، ئوقۇرمەنلەرنى ھەقىقىي قايىل قىلىپ، ئېستېتىك تۇيغۇسىنى دولقۇنلىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنى گۈزەللىك يارىتىپ گۈزەللىكنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشكە، گۈزەل قەلب تىكلەشكە ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ.

چىنلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى پارچە ـ پۇرات، چېچىلاڭغۇ ھادىسىلەر بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىچىدە ماھىيەتلىك ۋە ماھىيەتسىز نەرسىلەر تولۇپ ياتقان بولىدۇ. بۇ يەردە سەنئەتكار ئۈچۈن لازىم بولغىنى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئېچىپ كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان، ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىندىۋىدۇئاللىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالايدىغان ھەقىقىي نەرسىدىن ئىبارەت. بۇنداق ھەقىقىي نەرسە رېئاللىقنى گۈزەللىك نۇقتىسىدىن تونۇش، گۈزەللىك نۇقتىسىدىن كۆزىتىش، گۈزەللىك نۇقتىسىدىن تېپىكلەشتۈرۈش ئارقىلىق تەييار بولىدۇ. مۇشۇ چاغدا چىنلىق بىلەن گۈزەللىك بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ ـ دە، نەتىجىدە بىر خىل قايناقلىق ۋە ستېرېئولۇق ھالەت ئۆزلۈكىدىن ئىپادىلىنىدۇ.

سەنئەتكارغا شۇ نەرسە ئېنىقكى، ھەرقانداق بىر شەيئىدە چىنلىق ۋە گۈزەللىك بولىدۇ، بۇنداق چىنلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ دائىرىسى، چېكى، تەسىرى، تىپىكلىكى، ئىپادىلەيدىغان مەنىسى ئوخشاش بولمايدۇ، بۇ ئەلۋەتتە مۇتلەق ئەمەس. شۇنداقكەن شەيئىدىكى چىنلىق ۋە گۈزەللىكنى يەنىمۇ چىن، يەنىمۇ گۈزەل قىلىپ تەسۋىرلەش ئۈچۈن ھېسسىي بىلىشتىن ئەقلىي بىلىشكە، بىر تەرەپلىملىكتىن كۆپ تەرەپلىملىلىككە قاراپ ئىش كۆرۈشكە، قېلىپلىشىپ قالغان رامكىلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، ھەرقايسى سەنئەت تۈرلىرىنىڭ قانۇنىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان يېڭى تېخنىكا، يېڭى ۋاسىتىلەرنى تېپىپ چىقىشقا، ئىجادىيەت ئەركىنلىكىنى يەنىمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، چەكلىمىلىكنى بىرئاز بولسىمۇ بۇزۇشقا ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئەھمىيىتى چىنلىق بىلەن گۈزەللىكنى ئىپتىدائىي ھالەتتىكى چىنلىق ۋە گۈزەللىككە ئانچە ئوخشىمايدىغان، يەنى يۈكسەك دەرىجىدىكى تىپىكلىككە ئىگە قىلىپ پۈرەتلىگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇ ھەر تەرەپتىن ۋايىغا يەتكۈزۈلۈپ تۇرمۇشنىڭ تۈپ مەنىسىنى، مۇقەررەرلىكىنى ئېچىپ بېرەلىگەن بولغاچقا، غايەت زور كۈلدۈرماما پەيدا قىلىدۇ، بۇ كۈلدۈرمامىدىن يامغۇر ھاسىل بولۇپ، روھ قاتلىمىدىكى توپا ـ توزاننى، كىرنى يۇيۇپ بىر خىل سۈزۈكلۈكنى، پاكىزلىقنى، قىسقىسى ئىچكى ـ تاشقى گۈزەللىكنى يېڭىۋاشتىن تونۇتىدۇ. شۇڭا سەنئەت ئىجادىيىتىدە چىنلىق بىلەن گۈزەللىكنى توغرا چۈشىنىپ ھاياتنىڭ ئوخشىمىغان ساھەلىرىنى ئۆزگىچە ئۇسلۇب ۋە ئۇسۇللار بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش لازىم.

(08)

# «ئوغۇل بالىچىلىق»مۇ، ياكى...

★ نامانجان تۇرسۇن (شىجائەت) ★

ئىلىم - پەن مۆجىزىلىرى كىشىلەرگە سىر تۇيۇلمايدىغان مۇشۇنداق بىر تەرەققىيات دەۋرىدە ئالىملىرىمىز - يېڭى كەشپىياتلارنى تىنىمسىز يارىتىۋاتىدۇ. دەۋر ئۇچقۇر - ئالاقە تەرەققىياتىنىڭ قولايلىق ئېھتىياجى ئۈچۈن، قوينىڭ كاللىسىدەك ئىپتىدائىي سىملىق تېلېفون سەرەڭگىنىڭ قېپىچىلىك چوڭلۇقتىكى يان تېلېفونغا ئايلاندۇرۇلدى. بۇنى بىر تال ھاراق بوتۇلكىسىغا سېلىشتۇرغاندا، نەقەدەر چوڭ پەرق كېلىپ چىقىدۇ ھە!؟

ئىستېمالچىلارنىڭ ئېھتىياجى كۆزدە تۇتۇلۇپ، كىچىك بوتۇلكىلارغا قاچىلانغان ھەر خىل ماركىلىق ھاراقلار ئىشلەپچىقىرىلدى. ئەمما، بەزى ئىچىملىك خۇمارلىرىمىزنىڭ ئىستېمال نورمىسىغا بۇنداق كىچىك بوتۇلكىلىق ھاراقلاردىن بىر نەچچىسى توغرا كەلگەچكە، يەنىلا چوڭ بوتۇلكىغا قاچىلانغان ھاراقلارنىڭ بازىرى ئىتتىك بولماقتا؛

يېقىندا مەلۇم يېزىدا خىزمەت قىلىدىغان بىر ئاغىنىمىزنى ئىزدەپ بارغانىدىم، ئىشخانىسىدا بىر قانچە ئاغىنىلىرى بىلەن ھاراق ئىچىۋاتقان ئىكەن.

- ھەپپەللى!! - دېدى ئاغىنەم مەن بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، قولۇمنى قويۇۋەتمەي تۇرۇپ.

- ئاغىنىلەر، بۈگۈن مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئاغىنەم كېلىپ قالدى. "توشاق ئىچىپ سورۇندىن ئوت چىقىرىۋېتىمىز ئەمىسە!

ئۇنىڭ گېپى ئاخىرلىشىشى بىلەنلا سورۇننى چاۋاك ساداسى قاپلىدى. مەن قورۇنۇش ئىچىدە سورۇندىكىلەر بىلەن بىرمۇ بىر كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۇلار كۆرسەتكەن ئورۇنغا سىغدالدىم.

- قېنى ئەمىسە!- دېدى، قىزىل يۈزلىرىنى دانىخورەك بېسىپ كەتكەن، ئوتتۇرا ياشلاردىكى ساقى رومكىسىغا لىقلاپ قۇيۇلغان ھاراقنى ئاغىنەمگە سۇنۇپ تۇرۇپ:

- بۇنى سەن ئاغزىڭغا تەگكۈزۈپ، مۇنۇ ئاغىنەڭگە بەرگىن، تونۇشۇپ قويايلى.

ئاغىنەم رومكىنى قولىغا ئېلىپ ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن تەنتەنىلىك بىر ئىشنى جاكارلىماقچى بولغاندەك كارنىيىنى قىرىپ قويۇپ مېنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى.

- بۇ ئاغىنەم شائىر، رەسسام، خەتتات، قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدۇ، ئىسمى...

مەن تىكەننىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قالغاندەك بىئارام بولۇپ ئۆزۈمنى ئاقلاپ تۇرۇشۇمغا ئاغىنەم ئۆزى ئىچىپ، ھېچقانچە چەلدىمىگەن رومكىدىكى ھاراقنى ماڭا سۇندى. مەن ئاغىنەمگە يېلىندىم:



– رەنجىمىسەڭ، مەن بۇ ھاراقنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئىچىپ بولالمىغۇدەكمەن، كۆڭلۈڭ ئۈچۈن بىر شىشە پىۋا ئىچەي!

– ئاداش ئىچىڭە! ئوغۇل بالا تۇرۇپ، بىر رومكىغا تۇشقۇزۇپ ئىچەلمىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟– دېدى ساقى ئاغىنەمدىن بۇرۇن ئېغىز ئېچىپ.

– پىۋا دېگەننى خوتۇنخەق ئىچىدىغان نېمە، ئۇ ئاغىنىڭىز سىزنى شائىر دەۋاتاتتى، قېنى ئوخشىتىپ بىر قوشاق دەپ بېرىپ «كۆپ» قويىڭە!

سورۇندىكىلەرمۇ ساقىنىڭ كېپىنى قۇۋۋەتلىدى.

ئۇلارنىڭ يولسىزلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرساممۇ ئەدەب يۈزىسىدىن ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ سوغۇققانلىق بىلەن ئۆزرە ئېيتتىم.

– ئۇكاموي! بىزنىڭ ئىچىۋاتقىنىمىز ئادەم بېشىغا بىر شىشە توغرا كەلسىمۇ، غىڭ قىلماي ئولتۇرىمىز. بىر رومكىمۇ ئىچمەي تۇرۇپ نېمە گەپ بۇ؟ ئىچىڭە.

ساقىنىڭ گېپىدىن كېيىنلا سورۇننى تۈكى تارتىلغان ئۆچكىدەك چىرقىراق كۈلكە قاپلىدى.

مەن خورلۇق ئىلكىدە نېمىدۇر دېۋېتىشتىن تەستە ساقلىنىپ رومكىدا چايقىلىپ تۇرغان ھاراققا بىر قارىدىم - دە، كۆزۈمنى يۇمۇپلا «خوش»مۇ دېمەي، بىر كۆتۈرۈپلا ئاغزىمغا تۆكتۈم...

ھاراق تەرتىپ بويىچە ئايلانماقتا، ئىچكەن بىر رومكا سۈيۈقلۇقنىڭ تەسىرىدە سورۇندىكىلەرمۇ، ئۇلار چۆرىدەپ ئولتۇرغان شىرەمۇ... كۆز ئالدىمدىكى ھەممە نەرسە ئايلانماقتا ئىدى.

– ئاغىنىلەر، خەپشۇك!– ساقى سورۇندىكىلەرنى ئاغزىغا قاراتقاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ، يىلتىزى سېسىپ كەتكەن دەرەختەك، ئىككى يانغا ئىغاڭلىغىنىچە ئاغزىدىن گەپ چۇشۇپ قېلىۋاتقىنىنىمۇ تۇيماي سۆزلەشكە باشلىدى:

– بايام، ماۋۇ ئاغىنىمىزنى شائىر دېسە ئاغزىنى مىت قىلىپمۇ قويماي، باياۋاندىن كەلگەن يانتاقچىدەك ھاراقنى قولىغا ئېلىپلا ئىچىۋەتتى. قوشاق دېگەننى كىم بىلمەيدۇ؟ مەن سىلەرگە بىر قوشاق دەپ بېرىپ ئىچىۋېتىمەن، قانداق؟

ئۇ، شۇنداق دەپلا ھېچكىمنىڭ گېپىنى كۈتمەستىن قولىدىكى ھاراققا تىكىلىپ تۇرۇپ، «قوشاق»نى باشلىدى:

ھاراقنى ئىچەلەيدۇ،
مەيدىسىنىڭ تۈكى بار ئوغۇل بالا.
ياش ۋاقتىمىزدا قانغىچە ئىچەيلى،
ھاراق دېگەن يۈرەككە داۋا.

مەسلەر قىقاس - چۇقان سېلىشىپ، يەنە قوشاق ئوقۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى.

مەن ئاستا ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە، ھاراقنىڭ كەيپىدىن خۇدىنى يوقاتقان مەسلەرنىڭ سورۇندىن ئۆزۈمنى سىرتقا ئاتتىم. ئىشىكتىن چىقىشىمغا ئۇلارنىڭ مۇنۇ گەپلىرى ئاڭلاندى.

– ھېلىقى ئاداشقا سېنىڭ گېپىڭ قاتتىق تېگىپ كەتتىمۇ، گەپ قىلمايلا ماڭدىيا؟

– قويە ئۇنىڭ گېپىنى! خوتۇن كىشى مىجەز بىرنېمىكەن، بىر رومكا ھاراقنىمۇ ئىچەلمەي تۇغىدىغاندەك ئىنجىقلاپ، ئوغۇل بالا دېگەن...

مەن ئاغىنەم بىلەنمۇ خوشلاشماي، قايتىپ كېتىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ، ل. تولستوينىڭ مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆزىنى ئېسىمگە ئالدىم: «ئەگەر ئادەملەر ئىچىملىكتىن ئەقلىنى يوقىتىپ، ئۆزلىرىنى زەھەرلىمىگەندە ئىدى، ھاياتىمىزدا قانچىلىك تاتلىق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ تەس بولمىغان بولاتتى»

(09)



# ئۈمىد دالىسىدىن سادا

## ـ بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن خاتىرىلەر

★ ئە. داۋۇت ★

ئاپتونوم رايونىمىزدا يېزا - بازار كارخانىلىرى كۆپلەپ قۇرۇلغان، تەرەققىي قىلدۇرۇلغان 20 يىلدىن بۇيان زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما تارىخىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە تەبىئىي شارائىت قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، 90- يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىز يېزا - بازار كارخانىلىرى بىلەن دېڭىز بويىدىكى رايونلار، ھەتتا غەربىي شىمالدىكى شارائىتى ئاپتونوم رايونىمىزدىن كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان ئۆلكە، رايونلار يېزا - بازار كارخانىلىرى بىلەن بولغان تەرەققىيات پەرقى بارغانسېرى چوڭىيىپ كەتتى. كونكرېت راق ئېيتساق، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى شەرقىي قىسىم دېڭىز بويىدىكى ئۆلكە، رايونلارنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا سېلىشتۇرساق، 15 يىل كېيىن تۇرىدۇ ھەمدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان دەسلەپكى يىللاردىكى سەۋىيىگە توغرا كېلىدۇ. 1990- يىلى ئاپتونوم رايونىمىز دېھقانلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 684 يۈەن بولۇپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى 686 يۈەنلىك سەۋىيە بىلەن ئاساسەن تەڭلەشكەنىدى. ئەمما 1996- يىلىغا كەلگەندە 1290 يۈەنگە يەتكەن بولسىمۇ، مەملىكەت بويىچە 1926 يۈەنلىك ئوتتۇرىچە سەۋىيىگە سېلىشتۇرغاندا % 40 تىن ئارتۇقراق پەرق بىلەن ئارقىدا قالغان. بۇ ئەلۋەتتە، يېزا - بازار كارخانىلىرىمىز تەرەققىيات قەدىمىنىڭ ئاستا بولۇپ قالغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئاپتونوم رايونىمىز مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ پاختىچىلىق بازىسى، ئەڭ چوڭ ئاشلىق بازىسى، ئەڭ چوڭ چارۋىچىلىق بازىسى ۋە ئەڭ چوڭ شېكەر خام ئەشيا بازىسى تۇرۇغلۇق نېمە ئۈچۈن يېزا - بازار كارخانىلىرى تەرەققىياتىدا شۇنچە چوڭ پەرق كېلىپ چىقىدۇ. يېزا - بازار كارخانىلىرىمىز تەرەققىياتىدىكى بۇنداق تۆۋەن سەۋىيە بىلەن ئاپتونوم رايونىمىز دېھقان - چارۋىچىلىرىنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشتىكى غول ئېقىننى قانداقمۇ باش ئەگدۈرگىلى بولسۇن. بۇ ھەر قانداق بىر ۋىجدان



ئىگىسىنىڭ دىققىتىنى قوزغاشقا، كۆڭۈل بۆلۈشكە ھەتتا كۈچ چىقىرىپ، ھەمنەپەس، ھەمسەپەر بولۇشقا تېگىشلىك ئىنتايىن مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك مەسىلە.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر نەچچە ئايلىق مۇخبىرلىق سەپىرىمدە، شىمالىي تارىم ۋادىسىدىن ئورۇن ئالغان، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئاخبارات ۋاستىلىرىدە بىردەك «غەربىي رايوندىكى مەرۋايىت» ئاتىلىۋاتقان ــ بۇگۇر ناھىيىسىنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەر ماڭا بەكمۇ تەسىر قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىز يېزا - بازار كارخانىلىرى تېخىچە كاتاڭدىن چىقالمىغان، تەرەققىيات ئىستىقبالى كىشىنى تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان بۈگۈنكىدەك شارائىتتا بۇ ناھىيىنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ۋە ئۆزگىچە تەجرىبە، ئۇسۇللارنى تونۇشتۇرۇشقا، باشقىلارغا ئۈلگە قىلىشقا ئەرزىيدۇ - دەپ قارىدىمدە، مۇشۇ تېمىدىكى مەخسۇس زىيارىتىمنى باشلىدىم.

ــ ناھىيىمىزدە جەمئىي 10 يېزا، 2 بازار، 67 كەنت، 368 يېزا - بازار كارخانىسى بار دېگىنىچە سۆز باشلىدى بۇگۇر ناھىيىلىك يېزا - بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابلىز جالالىدىن ئاكا ناھايىتى سالماق، تەمكىن ۋە تولىمۇ ئەستايىدىل كەيپىياتتا.

70- يىللاردىلا شىنجاڭ سانائەت ئىنىستىتۇتىنىڭ كانچىلىق كەسپىنى پۈتتۈرۈپ مەركەزنىڭ «ئاساسىي قاتلامغا بېرىش، ئۆز يۇرتىنى گۈللەندۈرۈش» چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، يۇرتىغا قايتىپ، ناھىيىنىڭ ئىقتىساد ۋە كان باشقۇرۇش تارماقلىرىدا ئۇزۇن يىل تەر تۆككەن ۋە بۇ ساھەدە بوز ئاچقان، مەركۇر ئىدارىگە يۆتكىلىپ كەلگىنىگە ئەمدىلا بىر يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، بۇ ساھەگە بولغان قىزغىن ئىشتىياقى تەپتىدە كۆپلىگەن بەرىكەتلىك ئىشلارنى قىلىشقا بەل باغلىغان، ۋۇجۇدىدىن كۈچ- قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرغان بۇ رەھبەرنىڭ سەممىي بايانلىرىدىن بۇ ناھىيىنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ نەتىجىلىرى ۋە تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ھەققىدە مول ئۇچۇرغا ئىگە بولدۇم.

مەن بۇ ئىدارە قارىمىقىدىكى ناھىيىلىك 2- قۇرۇلۇش شىركىتى، قۇم - شېغىل ماتېرىياللىرى زاۋۇتى قاتارلىق بىر قەدەر ئۈلگىلىك كارخانىلارنى ۋە باشقا كارخانىلاردىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنى بىۋاسىتە زىيارەت قىلىش، ناھىيىنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن 1- قول ماتېرىيالغا ئىگە بولۇش ئارقىلىق تۆۋەندىكىدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشتىم.

بۇ ناھىيىنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرى خۇددى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاش ئەينى يىللاردىكى يېزا- ئەترەت كارخانىلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، 80 - يىللاردىن باشلاپ ھەقىقىي تەرەققىيات يولىغا كىرگەن. بولۇپمۇ، 80 - يىللارنىڭ ئاخىرى، 90 - يىللارنىڭ باشلىرىدا بۇ ناھىيە تەۋەسىدە تارىم نېفىت - قېدىرىپ تەكشۈرۈش جېڭىنىڭ باشلىنىشىغا ئەگىشىپ، نېفىتلىك قۇرۇلۇشنى ئاساس قىلغان ھەر خىل ماسلاشتۇرما كارخانىلار كۆپلەپ قۇرۇلغان. 1975- يىلى ناھىيە تەۋەلىكىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 31 بولغان بولسا، 1997- يىلى بۇ سان 10 نەچچە ھەسسە كۆپىيىپ 368 گە يەتكەن. يېزا - بازار كارخانىلىرىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 1975- يىلى 617 ئادەم بولغان بولسا، 1997- يىلى 2564 كە يەتكەن. يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 1975 - يىلى 3 مىليون 951 مىڭ يۈەن بولغان بولسا، 1997 - يىلىغا كەلگەندە بۇ سان 15 ھەسسىگە يېقىن ئېشىپ، 43 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. 1975 - يىلى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى يېزىلاردىكى 3 دەرىجىلىك ئومۇمىي كىرىم ئىچىدە % 6.44 لىك نىسبەتنى ئىگىلىگەن بولسا، 1997 - يىلىدىكى يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى يېزىلاردىكى 3 دەرىجىلىك ئومۇمىي كىرىم ئىچىدە % 23.48 لىك نىسبەتنى ئىگىلىگەن. 1975- يىلى يېزا- بازار كارخانىلىرىدىكى ئەمگەك كۈچى يېزىلاردىكى 3 دەرىجىلىك ئەمگەك كۈچى ئىچىدە % 2.88 لىك نىسبەتنى ئىگىلىگەن بولسا 1997- يىلى % 14.1 لىك

نىسبەتنى ئىگىلىگەن. پۈتۈن ناھىيىدىكى يېزا ـ بازار كارخانىلىرى يەرلىك ئىقتىسادىي بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئاساس قىلىپ، تارىم نېفىتلىكىنىڭ ئېچىلىشى ئۈچۈن ئەتراپلىق مۇلازىمەت قىلىپ، بازارغا يۈزلىنىپ، بۇرۇنقىدەك يېزىلار كەنتلەرگە باش بولۇپ كارخانا قۇرۇش، تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن، يىللاردا مەخسۇس ئائىلىلەر ھەمكارلىق شەكلىدىكى كارخانا قۇرۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلغان. يۇقىرى قاتلاملىق، كۆپ خىل شەكىللىك، ئىخچاملاشقان، يۇقىرى سۈپەت، يۇقىرى ئۆلچەملىك يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كەلگەن.

سانائەت كارخانىلىرى. تارىم نېفىتلىكى قېدىرىپ ـ تەكشۈرۈش، ئېچىش بىرلەشمە جېڭى باشلىنىشتىن ئىلگىرى بۈگۈرنىڭ يېزا ـ بازار سانائەت كارخانىلىرى ئاساسەن يەرلىك تەبىئىي بايلىق ئەۋزەللىكى بويىچە كۆمۈرچىلىك، كانچىلىق ۋە ئۇن، ياغ پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىدىغان تۈرلەرگە مەركەزلەشكەنىدى. تارىم نېفىتلىكىنىڭ ئېچىلىشى ۋە قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ يېڭى تىپتىكى يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كەلدى. 1979 ـ يىلى ئومۇمىي سانائەت كارخانىسى 55، ئومۇمىي كىرىمى 961 مىڭ 700 يۈەن ئىدى. 1997 ـ يىلى سانائەت كارخانىلىرى 130 غا كۆپەيگەن. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 32 مىليون 850 مىڭ 741 يۈەنگە يەتكەن.

قۇرۇلۇش كارخانىلىرى. 70 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ناھىيە بازىرى ۋە بىر قىسىم يېزىلاردا قۇرۇلغان تامچىلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكىللىرى ئىدى. 1979 ـ يىلى بۇنداق كارخانىدىن ئارانلا 5 ى بار بولۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى 165 نەپەر ئىدى. 1985 ـ يىلىغا كەلگەندە قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 12 گە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى 540 قا يەتتى ھەمدە قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ شۇ يىللىق ئومۇمىي كىرىمى 1 مىليون 710 مىڭ يۈەن بولۇپ، شۇ يىللىق يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئومۇمىي كىرىمىنىڭ % 63.56 تىنى ئىگىلىگەنىدى. 1997 ـ يىلىغا كەلگەندە قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 6 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1997 ـ يىلى سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ۋە قۇرۇلۇش كارخانىلىرىدىن ئۆزگە «باشقا كارخانىلار»نىڭ ئومۇمىي سانى 227 گە يېتىپ، يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ % 61.68 تىنى ئىگىلىگەن.

بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە تەدرىجىي ھالدا ئازلىقتىن كۆپلۈككە، ئاجىزلىقتىن كۈچلۈكلۈككە قاراپ زورىيىپ بۈگۈنگە كەلگەندە بايىنغولىن ئوبلاستى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار، نەمۇنىچىلاردىن بولۇپ قالغان. شۇڭا بۇ ناھىيىنىڭ يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت پائالىيەتلىرى 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپلەرگىچە مۇئەييەن كۆلەمدە كېڭەيگەن. بۇ ناھىيىنىڭ يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە، يېزا ـ بازارلاردىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، دېھقان ـ چارۋىچىلارنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش، يېزا ـ بازارلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەتلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتلەردە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

ئومۇمەن، بۈگۈر ناھىيىلىك يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ناھىيە تەۋەسىدىكى ھەرقايسى كارخانىلار بىلەن توغرا لىنىيىلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت ھازىرلاپ بېرىپلا قالماستىن، كارخانىلارنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە روناق تېپىشى ئۈچۈنمۇ بىۋاسىتە كۈچ چىقارغان. مەزكۇر ئىدارىنىڭ ئاكتىپ قوللىشى، يول يول يول يولىشى، كارخانىلارنىڭ تىرىشىپ ئىگىلىك تىكلىشى، ساغلام، سۈپەتلىك ئىشلەپچىقىرىشى نەتىجىسىدە، 1997 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا يىللىق ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلات قىممىتى 60 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرغان باج 2 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. مۇقىم مۈلۈكنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 44 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە تۇراقلاشقان. (06)

**ئىلھامجان ياقۇپ سۈرىتى**

# نەسرلەر

★ ئۆمەرجان سىدىق (مىسكىن) ★

ئەتراپىڭدىكى ھەر بىر تال تاش، ھەر تامچە سۇ، ھەر بىر تال يوپۇرماق ھەتتا سەن نەپەس ئېلىۋاتقان ھاۋاغىمۇ مېنىڭ پايانسىز مۇھەببىتىم سىڭگەن. سەندە مېنىڭ سۆيگۈمنى چۈشىنىدىغان سەزگۈر يۈرەك بولسا ئەتراپىڭدىكى ھەر بىر شەيئىدىن مېنىڭ مۇھەببىتىمنى ھېس قىلالايسەن. شۇڭا ئېھتىيات قىل، سەن مەقسەتسىز تېپىۋەتكەن تاش مېنىڭ يۈرىكىم بولۇشى، سېنى بىزار قىلغان يامغۇر تامچىسى مېنىڭ كۆز يېشىم بولۇشى، سەن پەرۋاسىز تاشلىۋەتكەن يوپۇرماق مېنىڭ ئاجىز تىترەپ تۇرغان قەلبىم بولۇشى مۇمكىن.

× ×

مەن سېنى ئەسلىگەن چېغىمدا ئىسمىڭنى تەكرار- تەكرار شىۋىرلايمەن. ئۆتمۈش كارتىنىلىرى، ئىسانىنىڭ تەبئىي سېزىمىدىن ئېيتقاندا مېنىڭ سېغىنچىم چوقۇم سېنىڭ كاللاڭدا تەسىر پەيدا قىلىدۇ. دېمەك سېنىڭ مېنــى سېغىنغان ۋاقتىڭ دەل مېنىڭمۇ سېنى ياد ئەتكەن ۋاقتىمدۇر.

× ×

سېنى گۈلۈم دېدىم، بىراق سەن مەن ئۈچۈن تىــكەنگە ئايلاندىڭ. سېنى باغرىم دېدىم، نىھايەت ســەن ئــوتلــۇق بــاغرىمنى لەختە - لەختە قانغا ئــايلاندۇردۇڭ. سېنى قۇياشىم دېدىم، لېكىن سەن دەھشــەتلىك مۇزغا ئايلىنىپ كۆكسۈمنى زىمىستان سوغۇقىغا بەنت قىلدىڭ. سېنى جېنىم دېدىم، ئاھ ئەپسۇس سەن ئەزرائىلغا ئايلىنىپ ھاياتىمنى نابۇت قىلدىڭ، سېنى نېمە دەپ چاقىراي...

× ×

قــەلبــىمنىــڭ مــۇنبــەت تــۇپرىــقىــدا مېــنــى ئــۇمــىدسىزلەندۈرىدىغان تىكەنلىك ئازغانلار ئۆسۈپ چىقتى. ھەر قېتىم كۆڭگۈل غەشلىكىمدىن ئەپسۇسلۇق بــورانلىــرى كــۆتــۈرۈلگەندە ئۆتكۈر تىكەنلەر قەلب ئېــتــىزىمنى تىلغاپ، يۈرىكىمنى لەختە -لەختە قانغا ئايلاندۇردى. مەن تەلپۈنگەن قىزىلگۈل باشقىلارنىڭ شورلۇق تۇپرىقىدىمۇ شۇنچىلىك باراقسان ئايىنىماقتا. خەير، قىسمەت شۇنداق ئوخشايدۇ؟!

× ×

مەن مۇھەببەت سەپىرىمنىڭ ئاداققى پەللىسىدە جــۇشــقــۇن يــولــۇچىــغا ئوخشاش مەغلۇبلۇق تەقدىرىگە تەن بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم. سېنىڭ كۆلۈمسىرەشكە ئايلانماقچى بولغان يۈز مۇسكۇلۇڭ بىردىنلا نەپرەت تۇسىدە قېتىپ قالدى. ماڭا نە چارە؟ ئەي چىن ئەقىدىلىك قىز، مېنىڭ ئىرادىسىز تــەبىئىتىم سېنىڭ ھايات - ماماتلىق سىنىقىڭغا بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئۈمىدۋار بولۇپ سىنىقىڭنى داۋاملاشتۇر، چوقۇم باتۇر، پالۋان يىگىتتىن بىرى چــىقــىپ، سېنىڭ شۆھرەت گۈلۈڭنى چېكىسىگە قــىسىدۇ. مەنمۇ ئۆز لايىقىمدا ئەقىدىسى ئانچە مۇستەھكەم بولمىغان قىزدىن بىرنى تېپىپ بولۇمغا راۋان بولاي.(08)



(ئىسمائىل ئىبراھىم فوتوسى)

# ئاي هامان چىقىدۇ ...

(هېكايە)

★ مۇھەممەت تەشنائى ★

» ناھىيىدىن 2 خىل مائارىپنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆمىكى كېلىدىكەن» دېگەن خەۋەر يېزا ئورگىنىدىكى ھەممە ئادەمنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. بولۇپمۇ بۇ خىزمەتنى بىۋاستە تۇتۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتقان يېزا باشلىقى ئۆزىنىڭ سىمىز بەدىنىگە، ئېغىر - بېسىق مىجەزىگە ماس كەلمىگەن ھالدا يېزا ئورگىنىدىكى خادىملارنىڭ ھەممىسىگە كونكرېت ئىش تەقسىم قىلىمەن دەپ تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. دېمىسىمۇ باھالاش دېگەن بىر قېتىملىق ئۆتكەلدە، مۇشۇ ئۆتكەلدىن كاللا ئىشلىتىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈپ كەتسەڭ شەرەپ ساڭا مەنسۇپ بولۇۋېرىدۇ. بۇنى يېزا باشلىقى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ، بولمىسا ئۇ بىر يېزىنى بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئالقىنىدا ئوينىتىپ كېلەرمىدى؟!

مەن ئۆزۈمگە تاپشۇرغان ئىش تەقسىماتى بويىچە «مائارىپنى باھالاپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆمىكىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز!»، «سىل ۋاتسىز ئەلدە سوتسىيالىزم قۇرغىلى بولمايدۇ!»، «4نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا!» ... دېگەن مەزمۇندىكى شوئارلارنى رەڭلىك قەغەزلەرگە چىرايلىق يېزىپ يېزا قورۇسىنىڭ ئىچى، دەرۋازىنىڭ ئىككى يانلىرى ۋە يولدىكى تېرەك، تۈۋرۈكلەرگىچە چاپلاپ چىقىپ، ئەمدىلا «ئۇھ!» دەپ تۇرۇشۇمغا يېزا باشلىقى ئالدىراش كىرىپ كەلدى - دە:

- تۇرۇڭ كاتىپ ئۇكام، بىز 2 قولىمىزنى 4 قىلالمايۋاتساق ئىشخانىڭىزدا بىغەم ئولتۇرۇپسىز- غۇ؟ سىز ھەر دائىم مېنىڭ يېنىمدا «نېمە ئىش بار» دەپ تۇرسىڭىز بولىدۇ، - دېدى خاپا بولۇپ.

- سىلە تاپشۇرغان ئىشلارنى ھازىرلا تۈگىتىپ كىرىشىم، - دېدىم مەن ئالدىراش ئورنۇمدىن تۇرۇپ.

- ھە ئۇنداقتا ياخشى، - دېدى يېزا باشلىقى چىرايىغا بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلكە يۈگۈرۈتۈپ، - سىز ھازىرلا ئەمەت ئاشپەزنىڭ ئاشخانىسىغا بېرىپ، ناھىيىدىن كەلگەنلەرنى كۈتۈشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىڭ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، كەچلىك تاماققا 1 جىگدىن شورپا پىشۇرسۇن، تاماقتىن كېيىنكى چايغا نېمىلەرنى قىلساق بولار؟... ھە توغرا، سىز توختى توخۇچىنىڭ ئۆيىدىن تازا يۇمشاق پىشۇرۇلغان بىرقانچە توخۇ، باچكا، توخۇم ئەكەلدۇرۇڭ، ھاكىم توخۇم سوقۇشتۇرۇپ هاراق ئىچىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەيسا قاساپ ئۇبدان سەمىرگەن



پاقلاندىن 1نى تونۇرغا تىقىپ دېگەن مۇھلەتتە ئاشخانىغا يەتكۈزۈپ بەرسۇن ... ئۆتكەندىكى سەل ئورۇق بولۇپ قاپتىكەن، ھاكىمنىڭ خاپا بولغىنى ئېسىڭىزدە باردۇ؟ بۇ قېتىم توزى ئوبدان تەڭشەلسۇن.

— ئىچىملىكتىن قانداقىنى ئالساق بولار؟

— قانداقىنى دېگىنىڭىز نېمىسى؟ ئەلۋەتتە ئەڭ نوچىسىنى، ئەتىسى باشنى ئاغرىتماي، قورساقنى ئاچۇرۇپ، ئادەمنى ئېتىك، يەڭگىل قوپۇرىدىغىنىنى ئالسىزدە، بۇ ئىشلارغا سىزنىڭ ئېپىڭىز بار.ھە راست، مۇھىم بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاسلا قاپتىمەن، باقى شياۋجاڭغا ئۇقتۇرۇپ قويۇڭ، خانىم - قىزلارنى چىرايلىق ياساندۇرۇپ ئۆزى مەسئۇل بولۇپ ئېلىپ كەلسۇن، قىزلار كەلمىسە سورۇننىڭ پەيزى بولمايدۇ.

يېزا باشلىقى ئالدىراش چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى دېگىنىچە ھازىرلاش ئۈچۈن ئەبجەق ۋېلىسىپىتىمنى كۆچەپ تېپىپ سەھرانىڭ چاڭ - توزانلىرى ئۆرلەپ تۇرىدىغان كىچىككىنە بازىرىغا يول ئالدىم.

راستىنى دېگەندە، بۇنداق ئىشلارغا مېنىڭ خېلىلا ئېپىم بار ئىدى. ھېلىمۇ يېزا باشلىقى ئۆزى بىرمۇبىر تاپىلاپ چۈشەندۈردى، ئەگەر ئۇ ئورۇنلاشتۇرمىغان تەقدىردىمۇ، مەن ھەممىنى جاي- جايىدا قىلىپ كېلىۋاتقان ئادەم، بولمىسا بۇ يېزا ئورگىنىدا كاتىپ بولۇپ تۇرالامدىم؟ توغرا بۇ مېنىڭ قولۇمدىن ئىش كېلىدىغان، سورۇن كۆرگەن، كارامىتىمنى كۆرسىتىپ قويىدىغان ياخشى بىر پۇرسەت.

تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆمىكىدىكىلەر ئالدىن تەييارلانغان بىر قانچە نۇقتىلارنى كۆرۈپ يېزا باشلىقىنىڭ ھەمراھلىقىدا مەن ئېيرىم كۆن چېپىپ تەييارلىق قىلغان ئاشخانىغا كىردى، بۇ يېزىدىكى ئەڭ چوڭ ئاشخانا ئىدى. چەت يېزا بولغىنىغا قارىماي ئاشخانىنىڭ تورۇسىغا زىننەت چىراغلىرى ئېسىلغان، يەرگە ئالاھىدە ياسالغان قارا تۆمۈر ئورۇندۇق، نەپىس ياسالغان تاماق ئۈستىلى قويۇلغان، دېرىزىلەرگە ھاۋارەڭ پەردىلەر تارتىلغان ئىدى. بىرقانچە ئورۇنغا خۇشپۇراق كۆچەتلەر يېقىلغان بولۇپ، ئۇلاردىن چىققان سۇس ئىس ئاشخانا ھاۋاسىنى باشقىچە تۇسكە كىرگۈزگەنىدى. ناھىيىنىڭ ماتارىپقا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى، ماتارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، مۇناسىۋەتلىك بۆلۈم - ئىشخانىلارنىڭ مەسئۇللىرىدىن بولۇپ ئون نەچچە كىشى ئۆز ئەمەل - مەرتىۋىسى بويىچە رەتلىك ئولتۇرۇشۇپ، يېزا مەسئۇللىرى ۋە باشقا ساھىبخانلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئالاھىدە كۈتۈلمەكتە ئىدى. پىلان بويىچە شورپا، گىردە كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن توخۇ، پاچىكا كاۋاپلىرى، تۇخۇم، بىرقانچە خىل ئىسسىق، سوغۇق سەيلەر تارتىلدى. مەن «قانداقراق؟» دېگەن مەنىدە قاراپ قويىدۇم، ئۇ ماڭا قارىماستىن ھاكىمنىڭ قولىقىغا بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ماتارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئورنىدىن تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەن بىر - ئىككى ئېغىز سۆز قىلاي، بىز بۈگۈن توغراق يېزىسىنىڭ 2 خىل ماتارىپىنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلدۇق، بىرقانچە نۇقتىلارنى كۆردۇق. مەسئۇل يولداشلارنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدۇق. بۇلاردىن بىلىشىمىزچە غولتوغراق يېزىسى 2 خىل ماتارىپنى چىڭ تۇتقان. بولۇپمۇ شياۋجاڭ بۇ خىزمەتكە ئۆزى بىۋاستە مەسئۇل بولۇپ پىلانلىق، ئىنچىكە ئىشلىگەن، شۇ سەۋەبتىن توغراق يېزىسىنىڭ 2 خىل ماتارىپى تەلەپكە لايىق، ياخشى ئىشلەنگەن، دېگەن خۇلاسىگە كەلدۇق. خۇددى ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك چېلىنغان چاۋاك، ئۇنىڭ سۆزىنى بېسىپ چۈشتى. يېزا باشلىقى قاتتىق ھاياجانلانغان بولسا كېرەك، كېلەڭسىز بەدىنىگە ماس كەلمىگەن چاقچاقلىق بىلەن غاز بويۇن رومكىغا بېلىق كۆزى ھاراق قۇيۇپ ئاۋۋال مۇئاۋىن ھاكىمغا، ئۇنىڭدىن كېيىن ماتارىپ

ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا سۇندى. ئەمدى ھەممە ئۇستەلدىكىلەر بەس - بەستە ئىچىشكە باشلىدى. 6 - 5 رومكا ئىچىلگەندىن كېيىن ھەممەيلەننىڭ كەيپىياتى بىراقلا كۆتۈرۈلدى، مەگزىلىرى خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزىرىپ، ئېغىزلىرى ئېچىلدى. ئەتىدىن بېرى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئولتۇرغان مۇئاۋىن ھاكىم ئەمدىلىكتە تەشەببۇسكار بولۇپ، باشقىلار بىلەن بىر قانچە رومكا كۆتۈرۈۋەتتى. ھاكىم بىلەن رومكا سوقۇشتۇرۇپ ئىچىشكە نىسىپ بولغانلارنىڭ كەيپىياتى باشقىچىلا كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئۇلار خۇددى چىراغنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن پەرۋانىغا ئوخشاش ھاكىمنىڭ يېنىغا ئورۇندۇقلىرىنى ئەكىلىپ ئولتۇرۇپ بىرى تاماكا سۇنسا، بىرلىرى ئوت يېقىش بىلەن، بىرى ھاكىمنىڭ ئەمدىلا ئىچىپ قويغان قىزىق چېيىنى تۆكۈۋېتىپ يېڭىلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. يېزا باشلىقىنىڭ ئىشارەت قىلىشى بىلەن قىزلاردىن بىرى ھاكىمنى تانسىغا تارتتى. يېزا باشلىقى ھاكىمنىڭ تانسا ئويىنىشىنىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ ئولتۇراتتى. بىرقانچە قول تانسا ئوينالغاندىن كېيىن مۇزىكىنىڭ توگىشىنى كۈتۈپ تۇرغان يېزا باشلىقى ئالدىراش ئوتتۇرىغا چىقىپ ئېغىز ئاچتى:

— رەھبەرلەر، يولداشلار! — دېدى ئۇ ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپ، — مەن بىر - ئىككى ئېغىز گەپ قىلاي، يېزىمىزنىڭ 2 خىل ماتارىيى ناھىيىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ناھايىتى ياخشى ئۆتۈپ كەتتى. بىز ناھىيىدىن كەلگەن رەھبەرلەرنىڭ بىزنىڭ خىزمەتلىرىمىزگە يۇقىرى باھا بەرگەنلىكىگە، خىزمەتلىرىمىزگە يېتەكچىلىك قىلغانلىقىغا كۆپ رەھمەت ئېيتىمىز. بىز بۇنىڭدىن كېيىنمۇ خىزمەت ئىشلەشتە ھەرگىز بېلىمىزنى قويۇۋەتمەيمىز. بىز كېيىن 3-، 4- خىل ماتارىينى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىشلىرىنىمۇ چوقۇم ناھىيە بويىچە 1 - ئورۇنغا ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىمىز ...

يېزا باشلىقىنىڭ سۆزى ئېگىز - پەس، قالايمىقان چېلىنغان چاۋاك بىلەن ئاخىرلاشتى. مۇزىكا قويۇلۇشى بىلەنلا بەس - بەستە تانسىغا چۈشتى. ئەمدىلىكتە ئەرلەرنىڭ ھەممىسى خۇددى بىر كىم كاماندا بەرگەندەك يوپۇرلۇپ قىزلارنىڭ ئالدىغا ئۆزلىرىنى ئاتتى. ئەرلەر دەلدەڭشىگەن پېتى تانسا ئويىنماقتا ئىدى. كىمدۇر بىرىنى قايسى مەكتەپكە يۆتكەپ قويۇش ھەققىدە قايتا - قايتا ۋەدە بەرمەكتە ئىدى. مەن يېزا باشلىقىنىڭ «3-، 4 - خىل ماتارىينى تەكشۈرۈشتىمۇ چوقۇم 1 - بولىمىز» دېگەن سۆزىدىن گاڭگىراپ ئولتۇراتتىم. قىرىشقاندەك ماڭا يېقىن ئولتۇرغان يېزىنىڭ مالىيە خادىمى سوراپ قالدى.

— ھوي كاتىپ ئۇكام، بۇ نېمە گەپ ئەمدى. يېزا باشلىقى 3-، 4 - خىل ماتارىينى 1 - بولۇپ ئۆتكۈزۈپ بېرىمىز دەۋاتىدىغۇ. بۇ ئىشنى مۇشۇ قېتىم تۈگەيدۇ دېسەم، يەنە بار ئوخشىمامدۇ؟ سەن دېگىنە ئۇكام ماتارىينىڭ خىلى ئون نەچچىگە بارامدۇ ۋە ياكى؟ ...

ئۇ مەندىن جاۋاب كۈتۈپ تۇراتتى. مەن نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەيتتىم. بىردىنلا كۆڭلۈم يېرىم بولدى: مۇبادا يېزا باشلىقى ساۋاتىنى تولۇق چىقارغان بولسا ... مەن ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتىم. قەدەملىرىم تولىمۇ ئېغىر، قولۇمدىكى ئاچچىق تاماكىنى كۈچەپ شورايمەن، ئاشخانىدىن ئاڭلانغان لەرزان مۇزىكا ساداسى «خۇشە!خوش» دېگەن ئېگىز - پەس ئاۋازلار، كۈلكە ... تۈن قوينىغا ئاستا- ئاستا سىڭمەكتە. مەن ئاسمانغا قارىدىم؛ ئاسماندا نەئاي، نە بىرەر يۇلتۇزمۇ كۆرۈنمەيدۇ. كائىنات خۇددى قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك كۆرىستانلىق ... لېكىن مەن ئاينىڭ ھامان يۇلتۇزلارنى ئەگەشتۈرۈپ بۇ سەھرا ئاسمىنىنى يورۇتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. مەن چوڭ - چوڭ قەدەم ئېلىپ ئاشخانىدىن يىراقلاپ كەتتىم.



تەھرىرى: 08
(ئۆركەش ئىبراھىم)

## بەخت رىسالىسى

جاسارەت جاپپار

ئۇ قەغەزگە سىزىلغان نەرگىس،
پۇراقلىرى دىماق يارالماس.
ئۇ پارقىراق قوڭغۇز دۈمبىسى،
يۇلتۇزلاردەك تۈنگە تارالماس.

ئۇ جەننەتتىن قوغلاندى بولغان،
ھاۋا ئانا تىنغان بىر تىنىق،
ئۇ ئۆمۈچۈك ھاۋادا مىڭىپ،
يېزىپ سالغان شەكىلسىز يېزىق.

ئۇ ئەرشتىن چۈشكەن خىزىرنىڭ،
ئالقىنىدا مۈگدىگەن ئايەت.
ئۇ رىۋايەت «مىڭبىر كېچە»دە،
ئەنقا توغقان تۇخۇم، نىھايەت.

بار دېسەڭ بار، يوق دېسەڭ غايىب،
ئۇ سەزگۈلەر بەرگەن ئەقدە؛
قوغلىسىمۇ ئۈمىد سايىدەك.



## يۇلتۇز بولۇپ چاقنايمەن بىر كۈن

روزى توختى داۋۇت

قەدىمىمنىڭ سۇبھى پەيتىدە،
غۇلاپ چۈشتۈم تەقدىر يولىدا.
ئۈمىتۈلمەن قوپۇشقا مانا،
ئۈمىدلەرنىڭ پىچىرلىشىدا.

كىم ئۇ مېنى «تۈگەشتى» دېگەن،
چۈشلىرىنى تېڭىپ كۆكسىگە.
يۇلتۇز بولۇپ چاقنايمەن بىر كۈن،
بوياق بېرىپ ئەتە ھۆسنىگە.

## نۇر جىلۋىسى

ھاۋاخان ئەخمەت

(ئەنۋەر تاشتۆمۈرنىڭ نەسرىگە تەقلىد)

سېنى ئىزدەش ماڭا نەھاجەت؟
ياشاۋاتقان تۇرساڭ مەندە سەن.
بۇزۇلماقتا «يوللار تىلسىمى»
ساڭا چەكسىز ئۇزىماقتىمەن.

تەنھالىقنىڭ ياۋا قوينىدا،
قاناتلاندىم ئەيسادەك سىرلىق.
تۆكۈلمەكتە نادامەت يېشى،
ئىھ بۇ كۈنلەر قانداق ئازابلىق!
تەبەسسۇملار ئەمەس مەڭداش،
ئايرىلىقمىز يىراق ھەم يېقىن.
چۈش رەڭگىگە كىردى رېئاللىق.



سەرگەردانمەن ئۆزۈمگە ئاققان،
نېسىپ ئەمەس بىزگە قوشۇلۇش،
كۆيدى ئىستەك، كۆيدى ئوت بولۇپ،
قالدى پەقەت كۆنۈش - مەڭگۈلۈك،
بېشلىمسۇن قەلب پەرۋازى،
پەرۋىش تاپسۇن ئىشق كۆكگۈللۈك.

## ياشلىق

ئايگۈل مۇتيۇللا

ياشلىق سۆرەيدۇ شېرىن چۈش كەبى،
پۇرسەتلەر ئۆتمەكتە زارلاپ يېنىمدىن.
خىيالچان كۈتۈشلا تۇرىدۇ ياشناپ،
ئاھ! سەن نېمۇچۇن رومانىنىڭ غەمكىن؟

قەلبىمنى سىلىدىم مۇزدەك قول بىلەن،
ئازابلىق چۈشۈمنى كەزگەن ئىھ سەن كىم؟!
رېئاللىق قۇياشتەك پارلىسا بىر كۈن،
كۆزۈمنى يۇمۇپلا ماڭارمەن بەلكىم؟!



## تۇنجى ئۇچرىشىش

تۇرسۇننىياز توختى ئوغۇز

چايقىلىپ تۇرغان شۇ كۆزۈڭگە قاراپ،
ئاقماقتا ۋاقىتنىڭ تىمتاس ئۆركىشى.
قۇشلارنىڭ تەلقىنى يوقالغان ھەتتا،
دەرەخلەر، ئادەم ۋە شاۋقۇن - ھەممىسى.

تىنچ، ئىھ، بەك تىنچ سۆزلەشمەكتىمىز،
سەن قوندۇڭ قەلبىمگە، مەن ھەم شۇنداقتۇ.
ئۇياتچان نىگاھتىن تىترىلىپ ئاسمان،
ئۇچماقتا بەك يىراق جايغا جۈپ ئاققۇ...

تەبەسسۇم سەتھىدە چېچەكلەر سائەت،
سەن شېئىر، مەنمۇ ھەم شېئىر ئاۋازسىز.
مۇزارتمۇ ئىجاد قىپ بولالماس كۈينى،
سۈكۈتلەر مەۋجىدىن سوزۇۋالماقتىمىز.

## 30 ياشقا كىرگەن كۈنۈم

قەلبىنۇر تۇرغۇن



رەڭلەنگەن چېھرىمگە تەبەسسۇملار يات،
ئۆرتەيدۇ ۋۇجۇدنى سېغىنىش پىراق.
كىمدۇ ئۇ كۆزۈمگە لېۋىنى ياققان،
كۆز ئاچسام ھېچكىم يوق قېشىمدا بىراق.

بىزەكسىز كۆڭگا ئۆي كىچىك بىر ئۇستەل،
چىراغ يوق، يوق شاممۇ، ھەتتا خىرە نۇر.
ھېچكىممۇ تىلەكلەر تىلىمەس ماڭا،
پەقەتلا ئاڭلىنار مۇڭلۇق ئېزگۈ كۈي.

تۈنۈگۈن كۆرگەن چۈش ئۇيقۇمدا ئايان،
ۋە لېكىن كۆرمەسمەن ئۇيقۇمدا سېنى.
ئېيتماسمۇ، شامالالار شۇۋىرلاپ ساڭا،
بۇ بىر كۈن يارىڭنىڭ تۇغۇلغان كۈنى.

ئاق كۆڭلەك ئىچىدە چوغسىمان جىسمىم،
ئىلاھى چۇشلەرنى چۇشەر توختىماي.
دېرىزە پەردىسى تەۋرىمەس ھېچبىر،
(ئاۋغۇستىنىڭ سەلكىنى مەس بولدى بولغاي).

ئىشكنى چەككىن ھەي ئەلچى قارلىغاچ،
«ئۇ كەپتۇ» دەپ بىلىپ باغرىمنى ئاچاي.
تۇغۇلغان كۈنۈمنىڭ خاسىيتى دەپ،
مادارسىز ۋۇجۇدقا كۈچ - قۇۋۋەت قاتاي.

### جەگچىمەن

روزى ھوشۇر (دولانى)

چەت، جاپالىق چېگرىنى ماكان تۇتقان جەگچىمەن،
قوغداپ ئانا دىيارنى شەرەپ قۇچقان جەگچىمەن.

جەڭ، چېلىشتا، ئەمگەكتە مېڭىپ سەپنىڭ ئالدىدا.
تۇلپار بولۇپ مەنزىلنى كۆزلەپ ئۇچقان جەگچىمەن.

يالغۇز ئەمەس چېگرىدا تۇلۇنئاينىڭ كۆكتىكى،
ساداقەتتىن، ۋاپادىن كۆڭلىن ئۇتقان جەگچىمەن.

ئەل بەختىنى كۆزلەيمەن، ئادالەتنى سۆزلەيمەن،
ئەل ئىشقىدا ئوت بولۇپ يېنىپ تۇرغان جەگچىمەن.

باش ئېگىدۇ ئالدىمدا مىليون جاپا - مۇشەققەت،
مۇشكۇللەرنىڭ كۆكسىگە خەنجەر ئۇرغان جەگچىمەن.

ئاق - قار، كۆك مۇز دالىدا مۇزلىمايمەن، توڭمايمەن،
ۋەتىنىمگە، خەلقىمگە ئىشقىم گۈلخان جەگچىمەن.

## ئىككى شېئىر

نۇسرەتگۈل ئالماس

### مۇقەددەس كۈي

ئۆزۈمدەكلا نامرات مىسرالار،
سۆيۈشۈشكە ئۇخشايدۇ قەۋەت.
ئەسلىمىدەك تونۇش ۋە تونۇش،
ئېھ ئۆتمۈشتىن قالغان شۇ سۈرەت...

سۆيگۈ ماڭا بولمىدى نېسىپ،
(يۈرىكىمدە مەۋجۇت سەن بىراق...)
ئەلۋەك كۈيلەر يادلىنار مەڭگۇ،
ئاھ، «ئارىمىز بولسىمۇ يىراق»...

### ئاخىرقى ئۇچرىشىش

يۇلتۇز ئۇتى ئۆچكەن كېچىدە،
سۆيۈپ قالدىم سېنى بۇ نۆۋەت.
چۈشەندۈرمە بولدى ئۆتۈنەي،
سەن ئۇنىلا سۆيۈسەن قەۋەت...

ئۇزاپ كەتتىڭ كەلمەسكە قايتا،
غەمكىن چۈشتەك قالدىم ئاھ، لەيلەپ...
بىلىپ يەتتىم ھاياتلىقىمدا،
بىر سېنىلا ئۆتىمەن ئەسلەپ...



## تاپاي دېسەڭ بەختىڭنى...

ئۆمەرجان شاۋۇدۇن

قۇچىقى كەڭ جاھاننىڭ ئىشلىرى كۆپ رەڭگا رەڭ،
باغلار ئارا ھەر خىل گۈل ئېچىلغاندەك پۇرەكلەپ.
ۋەزنى ئېغىر سوئاللار تۇغۇلىدۇ كۆڭۈلدە،
قارىماققا بەك ئاددىي، نەكتى ئۇنىڭ مۇرەككەپ.

قاراڭغۇدىن يول ئىزدە، بويۇن قىسما كىشىگە،
ياماننلاردىن يىراق تۇر، ياخشىلارغا قاياش بول.
تاپاي دېسەڭ بەختىڭنى، سۆيۈپ ئۆتكۈن خەلقىڭنى،
چىراغ بولساڭ ئۆزۈڭگە، ئۆزگىلەرگە قۇياش بول.(٥٩)

## هەجۆیی رەسمەکردن
## ئالمانیا



↑ 3 ـ شەخس



↑ کۆلەگە



← تاماشا کۆرۆش



# باش كۆزدىكى ئالتاي

(خەن لىيەنيۇ فوتوسى)









### فوتوگرافلار سەھنگە

قۇتلۇق يېڭى بىر يىلدا ژۇرنىلىمىزنىڭ سۈپىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە كەڭ فوتوگرافىيە ساھەسىدىكى ئىزدەنگۈچىلەر ۋە ھەۋەسكارلارغا ژۇرنىلىمىز سەھىپىلىرىدىن تېخىمۇ كەڭ سورۇن ھازىرلاپ بەرمەكچىمىز.

**گۈزەل سەنئەت تەھرىرى**

**ئىسمائىل ئىبراھىم**



# بوگۈر ناھىيىسىنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان يېزا - بازار كارخانىلىرى

(تەپسىلاتى 53 - بەتتە)



(2) مۇئاۋىن ھاكىم ئىمام ھەسەن بۇ ئىدارىنىڭ خىزمەتلىرىگە كۆرسەتمە بەرمەكتە



(1) ناھىيىلىك يېزا - بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابلىز جالالىدىن







(3) رەھبەرلەر قىزغىن سۆھبەتتە

(4).ناھىيىلىك 2- قۇرۇلۇش شىركىتى سېلىپ پۈتتۈرگەن كۆركەم بىنالار

(5) قۇم - شېغىل ماتېرىياللىرى تەييارلاش زاۋۇدى

